ئابدۇۋاقى هاجىم

# ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

پەلەستىنىدىكى يېرۇسالېم شەھىرى ئەزەلدىن تارتىپ دۇنيادىكى بارلىق خرىستىيان، يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنىدىكىلەر تەرىپىدىن بىردەك مۇقەددەس ۋە مۆھتەرەم جاي دەپ قارىلاتتى. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ، 640-يىلى بۇ تارىخىي شەھەر مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، باشقا دىندىكىلەرنىڭ بۇ جايدىكى ھەرقانداق دىنىي پائالىيىتىگە ھېچقانداق چەك قويۇلماي كەلگەن.

X ئەسىرگە كەلگەندە، يېرۇسالېمنىڭ باشقۇرۇش ھوقوقى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن سەلجۇقىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىسلامنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە قاراتقان ھۆرىيەت ئاساسىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن، پەقەتلا يۇقىرى دىنىي قىزغىنلىققا ئىگە سەلجۇق تۈركلىرى باشقا دىندىكىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلدى. نەتىجىدە ئۆزىنى «پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى» دەپ ئاتىشىپ كەلگەن رىم پاپالىرى، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمرانلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش»نى باھانە قىلىپ دىنىي ئۇرۇش قوزغىدى. «ئەھلىسەلىپ» نامىدا باشلانغان بۇ ئۇرۇش بارا - بارا ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق

ئاشكارىلاپ، تۈغ قىلىپ كۆتۈرگەن كرىستىلىرنى بىر ياققا چۆرۈۋىتىپ، بۇلاڭ - تالان ئېلىپ باردى.

ئوتتۇرا ئەسىر دۇنيا تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پراۋۇسلاۋىيە مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارغا قارىتا بىرنەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كىتابتا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ئىسلام ئەللىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان سەككىز قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئوقۇرمەنلەرگە ئانچە مەلۇم بولمىغان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى دىنىي ئۆچمەنلىكنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخىي كارتىنىسى. ئىنسانىيەت تارىخىدا خۇددى قاباھەتلىك چۈشتەك بولۇپ ئۆتكەن بۇ پاجىئەنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىش ئارقىلىق، دىنىي ئۆچمەنلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ بالايىئاپەتلىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق تونۇتۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ قەدرىگە يېتىش مەقسەت قىلىندۇ.

ئىزدىنىشىمنىڭ يېتەرلىك بولالماسلىقى، شۇنداقلا بىلىم سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى، يازمىشلىرىمدا بەزى كەمچىلىك - خاتالىقلارنىڭ بولۇشى چوقۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى، تەنقىدىي پىكىر تەقدىم قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

2003- يىل 5- ئاي قەشقەر.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئەھلىسەلىپتىن بۇرۇنقى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ........... 1
1. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ...... 1
2. غەربىي ياۋروپادا قۇرۇلغان دۆلەتلەر ........... 8
3. ۋاتىكان دۆلىتى — رىم پاپاسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 16
ئىككىنچى باب ئەھلىسەلىپتىن بۇرۇنقى شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى ........... 24
1. شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى ........... 24
2. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى ........... 38
3. سەلجۇقىيلەرنىڭ پائالىيىتى ........... 53
ئۈچىنچى باب ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى..... 76
1. مۇقەددەس جاينى تالىشىش ........... 76
2. ئەھلىسەلىپ ئالدىدا ........... 93
تۆتىنچى باب سەككىز قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ باش - ئاخىرى ........... 103
بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ( 1096 — 1099 ) ........... 103

ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1149 —1147 ) ........................ 113
ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1192—1189 ) ........................ 121
تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1204—1202 ) ........................ 129
بەشىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1221—1216 ) ........................ 136
ئالتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1229—1228 ) ........................ 152
يەتتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1249—1240 ) ........................ 155
سەككىزىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
( 1271—1270 ) ........................ 157
بەشىنچى باب ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتى ..... 161
1. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ بالايىئاپەتلىرى ..... 161
2. ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنىڭ نەتىجىلىرى ....... 168
پايدىلىنىلغان مۇھىم ماتېرىياللار .................. 185

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بىرىنچى باب

## ئەھلىسەلىپتىن بۇرۇنقى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى

### 1. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

قەدىمكى دۇنيا تارىخىدا مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى پوتكۇل شەرقىي يېرىم شارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى. قۇللار ۋە بويسۇندۇرۇلغان ئەللەر خەلقلىرىنىڭ قۇلدارلارغا ۋە قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۈزلۈكسىز كۈرەشلىرى، رىم تەۋەسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغان يات قەبىلىلەرنىڭ پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان ھۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن، مۇقەددەس رىمنىڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى كونستانتىن پايتەختنى شەرققە يۆتكەپ، يېڭى پايتەختنىڭ نامىنى ئۆز نامىدا كونستانتىنپول دەپ ئاتىدى. بۇ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە مىلادىيەنىڭ 395 - يىلى ئۆزۈل - كېسىل شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

رىم شەھرىنى پايتەخت قىلغان غەربىي رىم

ئىمپېرىيىسى ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرەلمىدى. مىلادىيە- نىڭ 476 - يىلى ئۇنى گېرمان قەبىلىلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. رىم تۇپرىقىغا باستۇرۇپ كىرگەن گېرمان قەبىلىلىرى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە تېخى باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن مەدەنىيەتلىك بولغان قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى ھەم بۇ زېمىندا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس: «ئوتتۇرا ئەسىر ياۋايى باشلانغۇچ ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، غەربىي رىم دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا بۇ دائىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرقانچە فېئودال دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، شىمالىي ئافرىقىدا ۋاندال دۆلىتى، ئىسپانىيىدە شەرقىي گوت

[1] ئېنگېلس: «گېرمانىيە ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، VII توم 400- بەت (مىللەتلەر نەشرىياتى 1982- يىلى نەشر قىلغان «قىسقىچە دۇنيا تارىخى» ناملىق كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



(رىستگوت) دۆلىتى، ئىتالىيىدە غەربىي گوت (ۋىستگوت) دۆلىتى، گاللىيىدە فرانىك پادىشاھلىقى، بىرىتانىيىدە ئانگىل - ساكسونلارنىڭ پادىشاھلىقى ۋە باشقا پادىشاھلىقلار قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فرانىك پادىشاھلىقى باشقىلاردىن ئۇزاقراق ھۆكۈم سۈرۈپ، غەربىي ياۋروپا تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى. گەرچە يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چېگرىلىرى پات - پات ئۆزگىرىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار دائىم ئۆزئارا ئۇرۇش ئېلىپ باراتتى. بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە فرانىك دۆلىتىدىكى ئىقتىدارلىق كېنەز خلودۋىك باشقا فرانىك كېنەزلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىپ، گاللىيىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئاخىرىدا ئۇ پۈتكۈل فرانىكلارنىڭ كارولى بولۇپ قالدى.

فرانىكلار گېرمان قەبىلىلىرى ئىچىدىكى قالاقراق قەبىلە بولۇپ، ئۇلار رىم تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇرۇقلىرى (ماك) بويىچە ئولتۇراقلىشىپ، يەرلەرنى ئۇرۇق ئەزالىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىشتى. ئۇرۇق ئەزالىرى ئەركىن دېھقانلارغا ئايلاندى. ئۇلار رىم دەۋرىدىكى قۇللارغىمۇ يەر تەقسىم قىلىپ بەردى، نەتىجىدە ئۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان

ئەركىن دېھقانلارغا ئايلاندى. لېكىن، يەرلەرنىڭ ئورۇق ئەزالىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشى تەكشى بولمىدى. ئورۇق ئاقساقاللىرى ۋە ھەربىي سەركەردىلەر ئونۇمدار ياخشى يەرلەرنى كۆپلەپ ئىگىلىۋېلىپ، تەدرىجىي ھالدا يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى. ئۇلار ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى تېرىشتا، غەربىي رىم دەۋرىدىكىدەك مەجبۇرىي قۇللۇق ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايانماستىن، بەلكى مۇئەييەن مىقداردا سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن يېرى ئاز، يەر تېرىغۇچىلارغا بۆلۈپ بەردى. يەر تېرىغۇچىلار يەر ئىگىلىرىگە ئوبروك[①] ياكى ئوبۇششىنا[②] شەكلى بىلەن ھەق تۆلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا تارىخىدا يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم، يەنى فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. غەربىي رىم دەۋرىدىكى قۇللار مۇدھىش قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئۇششاق يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى. يېڭىدىن يەرگە ئىگە بولغان قۇللار بۇرۇنقىدەك ھايۋان ئورنىدا خوجايىنغىلا ئىشلەپ بەرمەستىن، بەلكى ئالغان ھوسۇلىنىڭ بىر قىسمىنى خوجايىنغا بەرگەندىن سىرت،

---

① ئوبروك — ئايدا بىر قانچە كۈن خوجايىنغا ئىشلەپ بېرىش.

② ئوبۇششىنا □ يەردىن ئالغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمىنى خوجايىنغا بېرىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىپ قالغان قىسمىنى ئۆزى ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگىرىپ، ئەمگەك قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر جانلىنىپ، مەھسۇلات ئېشىشقا باشلىدى.

دېمەك، گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى نەتىجىسىدە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا دائىرىسىدە قۇللۇق تۈزۈمى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىن ئىلغار بولغان فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

كارول خلودۋىك رىم ئاقسۆڭەكلىرىدىن قالغان نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىۋالغاندىن سىرت، گاللىيە تەۋەسىدىمۇ نۇرغۇن ئىگىسىز يەرنى ئىگىلەپ ھەربىي سەركەردىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. نەتىجىدە فرانك دۆلىتىدە تۇنجى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسى بارلىققا كەلدى. كارول خلودۋىك مۇشۇ ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. خلودۋىكتىن كېيىن فرانك دۆلىتىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان كارل مارتىل دەۋرى (715 — 741) دە، يەرنى ئاقسۆڭەكلەرگە بۆرۈنقىدەك شەرتسىز ھالدا مەڭگۈلۈك مۈلۈك قىلىپ تەقسىملەپ بېرىدىغان چارە ئەمەلدىن

قالدۇرۇلۇپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش شەرتى بىلەن سۈيۈرغاللىق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ تەقسىمات ئارقىلىق يەرگە ئىگە بولغۇچىلار دۆلەتكە ئاتلىق ئەسكەر بولۇشى شەرت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، غەربىي ياۋروپا دائىرىسىدە ھەربىيلىكنى كەسىپ قىلغان تۈنجى ئاتلىقلار (سۇۋارىلار) تائىپىسى بارلىققا كەلدى. كېيىنچە بۇ يەرلەر مۇشۇ ئاتلىقلار تائىپىسىنىڭ بەخشەندە يېرى قىلىپ بېكىتىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدىغان ھەربىي ئارىستوكراتىيە[1] ۋۇجۇدقا كېلىپ، دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ھەربىي ۋەزىپىسى ئاشۇلاردىلا بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى قورال ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

فرانك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقتى كارل مارتېلنىڭ نەۋرىسى بۈيۈك كارل دەۋرى ( 768 — 814 ) بولدى. بۈيۈك كارل دائىم كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، شەرقتە ئېلبا دەرياسى بويىغىچە، غەربتە ئىسپانىيىگىچە، جەنۇبتا ئىتالىيىنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى ئىشغال قىلدى. دۆلەت تېررىتورىيىسى كېڭەيگەندىن

---

[1] ئارىستوكراتىيە — ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن، بۈيۈك كارل مىلادىيەنىڭ 800 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىدا، ئىتالىيە تەۋەسىدىن بىر قىسىم يەرنى پاپاغا مەڭگۈلۈك ئاجرىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆزىگە «رىملىقلارنىڭ پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تارىخچىلار ئۇنىڭ نامىنى «چارلىز» (بۈيۈك پادىشاھ) دەپ ئۇلۇغلايدىغان ھەم شۇ نام بىلەن يازىدىغان بولغان.

گېرمانلارنىڭ رىم تەۋەسىگە دەسلەپ بېسىپ كىرگەن ۋاقتىدا شەكىللەنگەن ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى IX—XI ئەسىرگە كەلگەندە تامامەن ۋەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەرلەر چوڭ يەر ئىگىلىرى، فېئودال سىنئورلار[1] تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان ئىدى. يەنە بىر قىسىم يەرلەر كارول - پادىشاھلار تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىش ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق موناستىر ھەم دىنىي روھانىيلارنىڭ قولىغا توپلاندى. نەتىجىدە يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يەرسىزلىكى ئەۋج ئالدى. ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن، موناستىر ۋە يېپىسكوپ روھانىيلارنىڭ، شۇنىڭدەك فېئوداللارنىڭ قولىدىكى يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولدى. تېرىغۇچىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن بۇ يەرلەر «فېئود»، يەر ئىگىلىرى

---

[1] سىنئورلار — ئىتالىيىدىكى يۇقىرى تەبىقە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خاس ھۆرمەت نامى.

«فېئودال» دەپ ئاتالدى. بۇنداق يەرلەرگە باغلانغان دېھقانلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قەدەر ئاشۇ فېئوداللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. نەتىجىدە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادا يەرلەرگە چوڭ روھانىيلار ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىگىدارلىق قىلىدىغان، كەڭ ئەمگەكچى خەلق بولسا يانچىلارغا ئايلانغان فېئوداللىق جەمئىيەت بارلىققا كەلدى.

ھەربىر فېئودال ئۆزىگە تەۋە دائىرىدە ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۆز تەۋەسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە ھوقۇقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئىگىلىۋېلىپ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى خالىغانچە باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ھېچقانداق قانۇنىي چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى، ھەرقايسى فېئودال قورۇق ئىگىلىرى ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، مەركەزگە ئانچە بويسۇنۇپ كەتمەيتتى. بۇنداق تەرىقە كۈچلەر بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەچكە، غەربىي ياۋروپادا ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشى تولىمۇ ئاجىز ئىدى.

## 2. غەربىي ياۋروپادا قۇرۇلغان دۆلەتلەر

چارلىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزئارا ھاكىمىيەت تالىشىپ، نۇرغۇن ئىچكى ئۇرۇش ۋە قان تۆ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆشلەر ئارقىلىق ئاخىر 843- يىلى ۋېردېندا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ دۆلەتنى بىرقانچىگە بۆلۈشتى. كېلىشىم بويىچە رېيىن دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپى شەرقىي فرانك پادىشاھلىقى بولۇپ بۆلۈندى. شىلدا دەرياسى ۋە مائاسو دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپى غەربىي فرانك پادىشاھلىقىغا بېرىلدى. ئارىلىقتا قالغان يەرلەردىن تاكى ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە بولغان يەرلەر چارلىزنىڭ چوڭ ئوغلى لوتېرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مۇشۇ تەقسىمات ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت غەربىي ياۋروپادىكى ئۈچ ئاساسلىق دۆلەتنىڭ ئۇلى سېلىندى.

فرانك ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئايرىم - ئايرىم پادىشاھلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى رايون - ئوبلاستلار شۇ جايلاردىكى كېنەز، گراپ، گېرتسوگ ۋە ماركىزلارنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىناتتى. بۇ جايلاردىكى ئاھالە ئاشۇ فېئوداللارنىڭ يانچىلىرى ئىدى. دېھقانلار پادىشاھ - كاروللارنىڭ پۇقراسى ھېسابلانماي، بەلكى ئاشۇ فېئودال قورۇق ئىگىلىرىنىڭ شەخسىي مۈلكى قاتارىدا ئىدى.

غەربىي ياۋروپادىكى ئىتالىيە ئەڭ باي دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ سودىگەرلىرى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى ۋە

شەرقتىكى باشقا باي دۆلەتلەر بىلەن سودا ئىشلىرىنى ئىنتايىن كەڭرى يولغا قويغان ئىدى، بولۇپمۇ ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى گىنويە، پىسا ۋە ۋېنىتسىيە چارلىز زاماندىلا باي شەھەر دۆلەتلىرى بولۇپ نامى چىققان ئىدى. ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىنى ئالپىس تاغلىرىلا ئايرىپ تۇراتتى. ئىتالىيىنىڭ بايلىقى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىغا ئادەتلەنگەن گېرمان فېئودالليرىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيىگە قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىنى باشلىدى.

كارول ئوتتونI 966- يىلى گېرمان فېئوداللىرىنى باشلاپ ئىتالىيىگە باستۇرۇپ كىرىپ رىم شەھرىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۆزىنى رىم ئىمپېراتورى دەپ جاكارلىدى ھەمدە «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم» دەپ جار سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى رىم ئىمپېراتورلىرىنىڭ ۋارىسى دەپ تونۇپ، بۇ ئىمپېرىيە پۈتكۈل ياۋروپانى، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانى باشقۇرۇشى كېرەك دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ دەۋالىرى خام خىيال بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋە قارشىلىقلارنى باستۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. ئۇ ئىتالىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى شەھەر- يېزىلارنى دەھشەتلىك تالان - تاراج قىلدى. خەلق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئامىسىغا قارىتا ھەر خىل زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى قىلدى. ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلىرى ئارقىلىق گېرمان فېئوداللىرى ئاخىر ئىتالىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. لېكىن، ئۇلار «مۇقەددەس رىم ئىمپېراتورى» دېگەن قۇرۇق نامنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ كەلدى.

گېرمان فېئوداللىرى ئىتالىيىگىلا ئەمەس، بەلكى غەربىي سلاۋىيانلارنىڭ يېرىگىمۇ پات - پات بۇلاڭچىلىق ھۇجۇمى قىلىپ تۇراتتى. غەربىي سلاۋىيانلار بۇ زامانىدا ۋىسلا، ئودىر ۋە ئېلبا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىگەن ئىدى. گېرمان فېئوداللىرى ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، خەلقىنى قۇل قىلىش مەقسىتىدە داۋاملىق ھالدا باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايلاردىكى خەلقنى خانىۋەيران قىلاتتى. X ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي سلاۋىيانلارنىڭ پولشا ۋە چېخىيىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك فېئودال دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بارلىق سلاۋىيان قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالمىدى. بۇ ھال گېرمانلارنىڭ ئۇلارنى داۋاملىق بوزەك قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. XI ئەسىرگە كەلگەندە گېرمان فېئو-

داللىرىنىڭ زۇلمى بارلىق سلاۋىيان قەبىلىلىرىنى بىردەك غەزەپكە كەلتۈردى. ئۇلار ئۇمۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ، گېرمانلارنى ئۆز زېمىنلىرىدىن قوغلىۋېتىپ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. گېرمانلار ئۇلارنى قايتا قۇل قىلىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمدا سلاۋىيانلار تەرىپىدىن تېگىشلىك دەككىسىنى يېدى.

غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتمۇ ۋەيران قىلىنغان ئىدى. ئوقۇش- يېزىش ئىشلىرىنى چېركاۋ- موناستىرلاردىكى روھانىيلارلا ئۆگىنەتتى. ئۇلار يازغان لاتىن تىل- يېزىقىنى ئاشۇ روھانىيلاردىن بۆلەك ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، كەڭ خەلق ئاممىسى تامامەن نادانلىقتا قالدۇرۇلغان ئىدى. قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەيران قىلىۋېتىلدى. قەدىمكى رىمنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بۇتپەرەسلىك دەپ قارىلىپ، كلاسسىك سەنئەت نەمۇنىسى بولغان نۇرغۇن نادىر ھەيكەللەر ۋەيران قىلىۋېتىلدى. قە- دىمكى رىمنىڭ پەيلاسوپ - شائىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان نۇرغۇن پىرگامىتلار (ئەيلەنگەن موزاي تېرىلىرى)دىكى قىممەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەر قىرىپ ئۆچۈرۈلۈپ، بۇ پىرگامىتلار چېركاۋنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتىلدى. نەتىجىدە ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




بولغان نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەر بۇزۇپ تاشلاندى.

چېركاۋلار پوتكول مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىدىن سىرت، كۆپ قىسىم يەر - زېمىنلارنىمۇ ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرقانچە مىڭلاپ يانچى دېھقانلىرى بار ئىدى. پوتكول غەربىي ياۋروپادىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چېركاۋ ۋە موناستىرلار ئىگىدارلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، روھانىيلار فېئوداللىق تۈزۈمنى چىڭىتىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ھەممىدىن بەك تىرىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، چېركاۋ روھانىيلىرى غەربىي ياۋروپادا ئەڭ چوڭ فېئوداللارغا ئايلاندى. كارول ۋە كېنەزلەر كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن ياردەم سورايتتى. روھانىي فېئوداللار كارول - پادىشاھلارنىڭ كېڭەش ۋە يىغىنلىرىغا دائىم ئىشتىراك قىلاتتى.

غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بەزى قول ھۈنەر ئىشخانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ھەرقايسى كەسىپ ئىشخانىلىرى ئاساسەن دېڭىز بويىدىكى كېمە توختايدىغان جايلارغا ۋە چوڭ موناستىرلارنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. چۈنكى، بۇ يەرلەردە كىشىلەر كۆپ توختايدىغانلىقى ئۈچۈن بازار قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. ئۇلار بىر خىل كەسىپ بىرقەدەر مەركەزلەشكەن يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا تام ياكى ياغاچتىن قاشا ياساتتى ۋە مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنى

باشقىلاردىن مۇھاپىزەت قىلاتتى. بۇنداق قاشالانغان قورغانلار تەدرىجىي كېڭىيىپ، دەسلەپكى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. ئىتالىيىدىكى ۋېنتسىيە ۋە گېنويە قاتارلىق شەھەرلەر ئەنە شۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋە چوڭراقلىرى ئىدى. غەربىي ياۋروپادىكى 10 — 20 مىڭ ئاھالىسى بار شەھەرلەر چوڭ شەھەر ھېسابلىناتتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسەن يانچى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار فېئودالىلىرىغا مۇئەييەن شەكىلدە سېلىق تۆلەپ تۇراتتى. ئىقتىسادى بىرقەدەر راۋاجلانغان بەزى شەھەرلەر نۇرغۇن ھەق تۆلەش بەدىلىگە ئۆز خوجايىنلىرىدىن مۇختارىيەت ھوقوقىنى سېتىۋالاتتى. بۇنداق شەھەر «شەھەر كوممۇنىسى» دەپ ئاتىلىپ، باشقۇرغۇچىلارنى شەھەر ئاھالىسى (كوممۇنا ئەزالىرى) دېموكراتىك ئاساستا سايلايتتى.

يېزىلاردىكى يانچى دېھقانلار شەھەرگە قېچىپ كىرىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزسە، ھۆر ئادەم ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزىلاردىكى نۇرغۇن ئەمگەكچىلەرنىڭ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىشى بىلەن نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ قالدى. بۇ ھال XI ئەسىرگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، كۆپلىگەن يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ شەھەر-لەرگە ئېقىپ كىرىشى بىلەن شەھەر نوپۇسى تېز كۆپەيدى. بىراق، نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر ئاق تاشلىنىپ قالدى. نەتىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى دېھقانچىلىقتىن كەلگەن دارامەت قامدىيالمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. يېزا ئىگىلىكى چۇشكۇنلىشىپ، كۆپلىگەن يېزىلار خارابلاشتى. يېزا نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان يانچى دېھقانلارنىڭ ياشاش شارائىتى يامانلاشتى. گەرچە ئۇلار ئەركىن دېھقانلار دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن فېئودال خوجايىنلار ئۇلارنى ھايۋان ئورنىدا كۆرۈپ خارلايتتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. ئېنگېلس بۇ دەۋردىكى يانچىلىق تۈزۈمدە «قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ نۇرغۇن تەركىبلىرى بار ئىدى» دېگەن[1].

فېئوداللارنىڭ قاتمۇقات زۇلۇملىرىغا قارشى غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل دېھقانلىرى خىلمۇخىل شەكىلدە قارشىلىق قىلىپ تۇردى. IX ئەسىردە گېرمانىيىدە ساكسون دېھقانلىرى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېئو- داللارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇرۇنقى باشلانغۇچ جامائە دەۋرىدىكى ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. X — XI ئەسىرلەردە پارتلىغان بىرقانچە قېتىملىق خەلق قوزغىلاڭلىرى جەريانىدا نۇرغۇن فېئودال ئاقسۆ- ڭەكلەر يوقىتىلدى ۋە قەسىر - سارايلىرىغا ئوت قويۇلدى. بۇ

[1] «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە XIX توم 364- بەت («قىسقىچە دۇنيا تارىخى» ناملىق كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

خەلق قوزغىلاڭلىرى ئارقىلىق فېئودال كۈچلەرگە زەربە بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەلۇم دەرىجىدە يۈكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ فېئودال بولغان پاپا باشلىق روھانىيلارنىڭ ئورنى تېخىمۇ ئۆستى. غەربىي ياۋروپادا پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئاجىز، ھەرقايسى فېئودال كېنەز، گراپلار كۈچلۈك بولغاچقا، دىنىي جەمئىيەتلەر بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئورنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ مۇستەھكەملىدى. پاپا تۈرلۈك ساختا ھۆججەت ۋە نەسەبنامىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانىڭ مەنىۋى باش ھۆكۈمرانى بولۇۋالدى. پاپا ھەرقايسى جايلاردىكى چېركاۋ ۋە موناستىرلارنىڭ باش يېپىسكوپ، ھەر دەرىجىلىك دىنىي خادىملىرىنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن تاشقىرى، پادىشاھلارنىمۇ تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ۋە تەختتىن قالدۇرۇش، قارشى پىكىر قىلغانلارنى دىندىن چىقىرىۋېتىش، مۇرتەد قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ مونوپول قىلىۋالدى.

## 3. ۋاتىكان دۆلىتى — رىم پاپاسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

مىلادىيە IV ئەسىردە رىم شەھىرىدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ باش يېپىسكوپى ئۆزىنى «پاپا» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتاپ، «خرىستوس (ئىسا ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئالەمدىكى ۋەكىلى»، پوتكول دۇنيادىكى خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىگە قارىتا «ئەڭ ئالىي باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ ئېلان قىلغان.

پوتكول غەربىي ياۋروپادىكى چېركاۋ ۋە موناستىرلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى پاپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتالىيە تەۋەسىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلىتى بار ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانىك كارولى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پاپانىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، ھەدىيە قىلغان ئاشۇ بىر قىسىم زېمىندا تۇرۇپ مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. 752- يىلى قۇدرەتلىك فرانىك پادىشاھلىقىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئوردا باش ۋەزىرى پىپىن فرانىك ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە پاپاغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن: «كىمنى پادىشاھ دەپ ئاتاش كېرەك؟ ھاكىمىيەتنى ئەمەلىي ئىگىلىگەن ئادەمنىمۇ ياكى ئېتى ئۇلۇغ- سۈپرىسى قۇرۇق ئادەمنىمۇ؟» دەپ سورىغان. پاپا ئۇنىڭغا: «ئەمەلىي ھوقۇق ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ پادىشاھ بولغىنى قۇرۇق نامى بار ئادەمنىڭ پادىشاھ بولغىنىدىن ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«پەرۋەردىگارنىڭ ۋەكىلى» بولغان پاپانىڭ يانتاياق

بولۇشى ئارقىسىدا پىپىن پادىشاھنى موناستىرغا قاماپ قويۇپ، ئۆزى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ، پاپاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن رىم شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنى پاپاغا مەڭگۈلۈك ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن رىم پاپا دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى بىر قانچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. پاپا كاتولىك دىنىنىڭ رەھبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئومۇمىي پادىشاھ بولۇپ قالغان. ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن پاپا دۆلىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەيدانغا كەلدى①. پاپا رىم شەھرىنىڭ غەربىي شىمال

---

① پاپانىڭ بۇ دۆلىتى 1000 يىلدىن ئارتۇق ھوقۇق يۈرگۈزدى. 1870- يىلى ئىتالىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رىم شەھرى پادىشاھ تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. پاپا رىم شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋاتىكانغا چېكىندى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا لاتىراند سارىيى بىلەن بىرقانچە ئىبادەتخانىلارلا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاپا دۆلىتىنىڭ نامى ئاساسەن قوللىنىلمايدىغان بولدى. 1929- يىلى ئىتالىيىدىكى موسسولىنى فاشىستلار ھاكىمىيىتى ۋاتىكاندىكى لاتىراند سارىيىدا پاپا بىلەن «لاتىراند شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ۋاتىكاننىڭ ئىگىلىك ھوقوقىنى پاپاغا مەنسۇپ دەپ ئېتىراپ قىلغان. پاپا ھازىرغىچە ئاشۇ جايدا تۇرۇپ پۈتكۈل كاتولىك دىنىدىكىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ كەلمەكتە. ۋاتىكاننىڭ ئىگىلىگەن ئورنى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن پاپانىڭ ھوقوقى ناھايىتى چوڭ. رىم پاپاسى 60 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونلاردا تۇرۇشلۇق مۇقەددەس ئەلچىلىرى (باش ئەلچىگە تەڭ) ياكى

uyghurkitap.com



بۇرجىكىدىكى تۆپىلىككە ۋاتىكان سارىيىنى بەرپا قىلىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. پاپالار ئۆزىنى ھەرقانداق كارول - پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇتاتتى. ئالىي ھۆكۈمرانلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، IV ئەسىردىكى رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىن ئۆزىنى كېسەلدىن ساقايتقان پاپاغا پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن دېگەن ساختا ھۆججەتنى پەيدا قىلغان ئىدى. پاپا گرېگورىي ئىنتايىن تەكەببۇر ئادەم بولۇپ، ئۆز نەسەبىنى بىۋاسىتە سان پېتر①نىڭ ئەۋلادى دەپ، «پاپالار ھەرگىز خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق پەرۋەردىگاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقوقى يوق» دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

---

ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئاشۇ دۆلەت ۋە رايونلاردىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيىتىنى كونترول قىلىدۇ. خەلقئارا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ چەت ئەللەردىمۇ نۇرغۇن زېمىنى ۋە مەبلىغى بار. پاپا ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قىزىل تونلۇق باش يېپىسكوپلار ئۆمىكى 2/3 قىسىمنى ئىگىلىگەن كۆپ سانلىق ئاۋاز ئارقىلىق يېڭى پاپانى سايلاپ چىقىدۇ. 264- نۆۋەتلىك رىم پاپالىقىغا 1978- يىلى پولشىلىق پوپ جون پاۋېل II سايلاندى.

① سان پېتر— ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 نەپەر ھاۋارىيونىنىڭ بىرى بولۇپ، «ئىنجىل»نىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ رىۋايىتى ئارقىلىق يېزىلغان دېيىلىدۇ.

پاپا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي ياۋروپا دائىرىسىدە جارى بولغانلىقىغا قانائەت قىلماي، بەلكى ۋىزانتىيە چېركاۋلىرىنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ۋىزانتىيە چېركاۋلىرى ئىمپېراتورغا بويسۇنىدىغانلىقى ئۈچۈن، پاپانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن خرىستىئان چېركاۋلىرى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر تارمىقى غەربىي چېركاۋ، يەنى كاتولىك چېركاۋسى پاپاغا تەۋە ئىدى. يەنە بىر تارمىقى شەرقىي چېركاۋ، يەنى پراۋۇسلاۋىيە چېركاۋسى شەرقىي رۇم ئىمپېراتورىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، پاپاغا بويسۇنمايتتى. شۇنداق قىلىپ، خرىستىئان چېركاۋلىرى 1054 - يىلى كاتولىك ۋە پراۋۇسلاۋىيە دېگەن ئىككى تارماققا ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز گېپىنىلا توغرا دەپ ھېسابلاپ، بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنەتتى. لېكىن، ئىككىلىسىنىڭ مەقسىتى ئوخشاشلا فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى چىڭىتىش ئىدى.

1073 - يىلى يېڭىدىن پاپالىققا سايلانغان تەكەببۇر پاپا گرىگورىيVII پۈتكۈل غەربىي ياۋروپاغا بۇيرۇق تارقىتىپ، «پاپانىڭ ھوقوقى ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇ دىنىي خادىملارنى، يېپىسكوپلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش-قالدۇرۇش ھوقوقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كارول - پادىشاھلارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ، سوراق قىلالايدۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جازالىيالايدۇ، ئەمما ھېچكىم پاپانى سوراققا تارتالمايدۇ»
دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا گېرمانىيە تەختىدە ئولتۇرغان ياش پادىشاھ ھېنرىيIV پاپانىڭ يۇقىرىقى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، نۇرغۇن يېپىسكوپلارنى گېرمانىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى موناستىرلارنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە قويغان ئىدى. پاپا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پادىشاھ ھېنرىيIV گە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن خەت يېزىپ تەھدىت سالدى، ئۇنىڭدىن دەرھال توۋا-ئىستىغپار ئېيتىپ يازما دوكلات قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ھېنرىيIV پاپانىڭ تەلەپلىرىدىن غەزەپلىنىپ، 1076- يىلى پارىژدا دىنىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، پاپانى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پاپامۇ دىنىي يىغىن ئېچىپ، پادىشاھ ھېنرىيIVنى پادىشاھلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ دىنىدىن قوغلىنىپ، مۇرتەد قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

پاپانىڭ بۇ جازاسى پادىشاھ ھېنرىيIV گە ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت بولدى. ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بېرى قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلگەن بەزى مەنسەپدارۋە ئالىي روھانىيلار پاپانىڭ بۇ جازاسىدىن پايدىلىنىپ 1076- يىل 10- ئايدا،

«پادىشاھ ھېنرىي IV ۋاقتىنچە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى ھەمدە پاپاغا بويۇنىگىدىن كېيىن ھەقىقىي سادىق بولىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىشى، بىر يىل ئىچىدە پاپانىڭ ئۇنى گۇناھىدىن ساقىت قىلغانلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا، پادىشاھلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دېگەن قارارنى چىقاردى. شۇنداقلا يانۋارقى يىلى 2- ئايدا گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاۋگۇسبۇرگ شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ ۋە پاپا گرىگورىي VII نى تەكلىپ قىلىپ، شۇ يىغىندا پادىشاھ ھېنرىي IV نىڭ ئۆستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى قارار قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھېنرىي IV تامامەن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، پاپانىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كاپالەتنامىگە قول قويىدى، ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىغا پاپا ئالدىدا تەۋۋا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، پاپا ئالپىس تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كانوسسا قەلئەسىگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھېنرىي IV شۇ يەرگە بېرىپ پاپادىن يۈز تۇرانە كەچۈرۈم سورىماقچى بولدى. 1077- يىل 1- ئاينىڭ ئاخىرى قاتتىق سوغۇق پەسلىدە پادىشاھ ھېنرىي IV ھەمراھلىرى بىلەن كانوسساغا باردى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، يالاڭ باش - يالاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاياغ بولۇپ، توۋا قىلىدىغان گۇناھكارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۈستىگە كىگىزنى ئارتىپ، قاتتىق قار - شىۋىرغانغا قارىماستىن ئاستا مېڭىپ پاپا تۇرغان يەرگە كەلدى. قائىدە بويىچە بۇ مۇراسىمغا كىرىدىغان ھەربىر كىشىگە يالۋۇرۇپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى پاپادىن سوراپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشى، دائىم ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ يىغلاپ پۇشايمان قىلىشى شەرت ئىدى. پادىشاھ ھېنرىي IV بۇنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ، بىۋاسىتە پاپانىڭ ئۆزىگە توۋا قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ بىلدۈردى. بۇ پادىشاھ سوغۇق زىمىستاندا يالاڭ باش - يالاڭ ئاياغ ھالدا پاپانىڭ دەرگاھىدا تۆت كۈن يىغلاپ - قاقشاپ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن پادىشاھ ھېنرىي IV نى پاپا ئاران قوبۇل قىلدى.

دېمەك، XI ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا رىم پاپاسى ئەنە شۇنداق ئەڭ چوڭ فېئودال ۋە ئالىي ھۆكۈمرانغا ئايلانغان ئىدى.

# ئىككىنچى باب

## ئەھلىسەلىپتىن بۇرۇنقى شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى

### 1. شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى

ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كېلىپ 130 يىللاردىن كېيىن، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھوقوقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىسلام تارىخىدا «ئەرەب ئاباسىيلار سۇلالىسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

ئاباسىيلار ھاكىمىيەتنى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالغاندىن كېيىن، خەلىپە راشىدىن (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەر) دەۋرىدىن بۇيان، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنى ئۇمەييە سۇلالىسى (661—750) نىڭ خەلىپىلىرىگە ئارتىپ، ئىسلام تارىخىنى قايتىدىن يېزىشتى. ئاباسىيلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغان ئابۇ ئاببـاس ئابـدۇللا (750 — 754- يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خۇتبەلەردە ئۆزىنى «ساففاھ» (قان تۆككۈچى) دەپ ئۇقۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئۇمەييە مۆتىۋەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا قارىتا قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، ھەتتا ۋاپات بولغان ئۇمەييە خەلىپىلىرىنىڭ قەبرىسىنى ئاچتۇرۇپ جەسەتلىرىنى يىغىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان مەنسۇر، يەنى ئابۇ جەئپەر ئەل مەنسۇر (754 — 775- يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) زۇلۇم ۋە قانخورلۇقتا ئابدۇللادىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئۆز رەقىبلىرىگە قاتتىق قول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغىمۇ ئىنتايىن رەھىمسىز سىياسەت قوللاندى. ئەل مەنسۇر دەسلەپتە ھەزرەت ئەلى ئەۋلادىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ۋەدە بەرگەن، لېكىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ھەزرەت ئەلى تەرەپدارلىرىنى قانلىق باستۇردى، ھەتتا ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان بەزى مۆتىۋەرلەرنىمۇ ئامان قويمىدى. مەسىلەن، مەشھۇر ساھىبۇل مەزھەپ ئىمام ئەئزەم ئابۇ ھەنىپە (690—767) ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن زىنداندا ئازابلاپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنى تەختكە چىقىرىش جەريانىدىكى كۈرەشلەردە ئاجايىپ زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن

سەركەردىلەرمۇ ئامان قالمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ساففاھدىن ئەل ۋاسىققىچە بولغان جەرياندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسلام دۇنياسىغا تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. ئالدى بىلەن مىسىر ۋە سۈرىيە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، مەرۋان ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان ئابدۇراھمان ئىسىملىك يىگىت ئابباسىيلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆمەييە سۇلالىسىنى ئىسپانىيە تەۋەسىدە داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن باغدادنى مەركەز قىلغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى، شىمالىي ئافرىقىدىكى پاتىمەلەر خەلىپىلىكى[①] بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ چوڭ سەر-

---

[①] پاتىمەلەر خەلىپىلىكى 909- يىلى قۇرۇلغان. ئۇ، شىئە مەزھىپىدىكى چارۋىچى بەربەرلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى تۇنىستا قۇرغان دۆلىتى بولۇپ، بۇ دۆلەتنى قۇرغانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، «پاتىمەلەر خەلىپىلىكى» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ خەلىپىلىك 965- يىللىرى كۆچىيىپ، پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. 973- يىلى دۆلەتنىڭ پايتەختىنى مىسىردىكى قاھىرە شەھىرىگە كۆچۈرگەن. 1171- يىلى سالاھىددىن ئەييۇبى بۇ دۆلەتنىڭ نامىنى « ئەييۇبىيە خەلىپىلىكى » دەپ ئۆزگەرتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەردىلەردىن بولغان ئىبراھىم بەنى ئەغلەپ دېگەن كىشى 825- يىلى كىرت ئارىلىنى، 827- يىلى سىتسىلىيە ئارىلىنى، 831- يىلى ئۇنىڭ مەركىزى بولغان پالېرمو شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەرلەردە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ھامىيلىقىدىكى بەنى ئەغلەپ سۇلالىسىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا يەر دېڭىزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى كۆلىگە ئايلاندى.

خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى (813—833) ئىنتايىن تىنچسىز ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە ئىلىم ـ پەن ناھايىتى يۈكسەلدى، خۇسۇسەن ئەرەب ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى. خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغدادتا قۇرۇلغان «بەيتۇلھېكمەت» (ھېكمەت ئۆيى) نامىدىكى پادىشاھلىق كاتتا كۇتۇپخانا قارىمىقىدىكى ھەرقايسى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا كىشىلەر شۇ زاماندا مەلۇم بولغان بارلىق پەنلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ باراتتى، كىتابلار يازاتتى ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ئالىملار تەرىپىدىن يۇنان، سۈرىيە، پارس ۋە سانسكرىت تىللىرىدىكى كۆپلىگەن كىتابلار تەرجىمە قىلىندى. بىرقانچە ئورۇندا رەسەتخانا قۇرۇلۇپ، ئاسمان جىسىملىرى تەتقىقاتى ئېلىپ

بىرىلدى. خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ ئۆزى يۇنان كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ مۇخلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىدىيىسى ناھايىتى ئىلغار ئىدى. ئۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدە كەڭ ۋە ئەركىن مۇنازىرىلەر ئۇيۇشتۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇئتەزىلىلەر پىكىر ئېقىمى[1] يېڭىدىن بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ سارىيى دائىم ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوچۇق بولۇپ، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە كەڭ تۈردە مۇنازىرىلەر ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. خەلىپە ئەل مەئمۇن بۇ مۇنازىرىلەرگە قاتنىشاتتى،

---

[1] مۇئتەزىلىلەر پىكىر ئېقىمى (رادىكاللار — بۆلۈنگۈچىلەر) — ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئىلاھىيەت ئېقىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئېقىمنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا (699—748). ئاbbasىيلار خەلىپىلىرىدىن ئەل مەئمۇن، ئەل مۆئتەسەم ۋە ئەل ۋاسىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، مۇئتەزىلىلەر پىكىر ئېقىمى ئاساسلىق دۆلەت مەزھىپى دەپ ئېتىقاد قىلىنغان. خەلىپە ئەل مۇتەۋەككەل دەۋرى (847 — 861) دە، بۇ تەلىمات دۆلەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن. مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئىلاھىيەت تەلىماتى ئاللانى ۋە ئۇنىڭ ئادىللىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە فاتالىزم (تەقدىرگە ئىشىنىش) نى ئىنكار قىلىشقا ئاساسلانغان. شۇڭا، ئۇلار ئەقلىيچىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن چەكلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، XI — XII ئەسىرلەردە ئىراق ۋە ئىراندا، XII — XIV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يوقالغان. ئەللامە زەمەخشەرى (1075—؟) بۇ ئېقىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



باشقىلارنىڭ پىكرىگە يول قويىتتى ھەم ھۆرمەت قىلاتتى.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ چىرىكلەشكەن ۋاقتىمۇ مۇشۇ دەۋردىن باشلىنىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» دە بايان قىلىنغان ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش دەل خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە ئەل مەئمۇن دەۋرىنىڭ بىر كارتىنىسىدۇر. ھارۇن رەشىد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەمىن بىلەن ئەل مەئمۇن ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ماجىرالىرىدا ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەر ئىككىگە گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە كۆپ تىرىشچانلىق ۋە باستۇرۇشلاردىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئەل مەئمۇن ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەر مۇشۇ دەۋردە ئاشكارىلاندى ۋە بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ، خەلىپىلىك زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر مۇنداق:

1. خەلىپە ئەل مەئمۇن ئۆزىنىڭ ۋە پايتەختنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بىر قىسىم تۈرك قۇللىرىنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئەرەبلەردىن تەيىنلەندى، كېيىنچە ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن باشلىق قويۇلدى. كېيىنكى خەلىپىلەر بۇ تۈرك مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا «ئەمىرۇلئەمرا» (ئەمىرلەر ئەمىرى) دېگەن

يۈكسەك ئۇنۋان بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. بۇ تۈرك ئەمىرلىرى بارا - بارا خەلىپىلىكنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا قول تىقىپ، ھەتتا خەلىپىلەرنىمۇ تىزگىنلەپ، ئۇلارنى قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

2. ئابباسىيلار دەسلەپ ھوقۇق ئىگىلىگەن چاغدا، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق ۋە تۈرلۈك باج - سېلىقلار يەڭگىللەيدىغانلىقى، خەلققە يۈكلەنگەن تۈرلۈك مەجبۇرىي ئەمگەكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى، ئىشغال قىلىنغان ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سىياسىي ھوقۇق بېرىلىپ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلىدىغانلىقى توغرۇلۇق نۇرغۇن ۋەدە قىلىشقان ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقلار ئۆمەييە دەۋرىدىكىدىن ئازراقمۇ يەڭگىللىمىدى.

3. خەلىپە ئەل مەئمۇن دەۋرىدە ھەر خىل مەزھەپ ۋە پىرقەلەرنىڭ قوراللىق كۈرەشلىرى باشلانغان، جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن. ئابباسىيلار ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، خۇسۇسەن خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان ئىدى. مەسىلەن، ئۆمەييە ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى خوراساندا ئېلىپ بېرىلغان قاينام - تاشقىنلىق

كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلىپ، مەرۋان II نى تەختتىن چۈشۈرۈشتەزور خىزمەت كۆرسەتكەن ئابۇ مۇسلىم خوراسانى ئابباسىيلار ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خوراسانغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. كېيىنچە، خەلىپە ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراسان رايونىدا ئابباسىيلارغا قارشى قوراللىق خەلق قوزغىلاڭلىرى ئەۋج ئالدى.

770- يىللىرىدىكى مۇغەننا قوزغىلىڭى[1] باستۇ-

[1] مۇغەننا قوزغىلىڭى — ئابۇ مۇسلىم خوراساننىڭ سەركەردىلىرىدىن مۇغەننا خوراسان خەلقى ئارىسىدا ئابباسىيلارغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوراسان ۋالىيسى ئۇنى قولغا ئېلىپ، باغدادقا يالاپ ئاپىرىپ سوراققا تارتتى. مۇغەننا باغداد تۈرمىسىدىن قېچىپ، مەرۋىگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك ئاھالە ۋە كىش (ھازىرقى شەھرى سەبىز)، نەخشەپ (ھازىرقى قارشى شەھرى) ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان سوغدىلارنى قوزغاپ، كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈردي. بۇ قوزغىلاڭ تېز تەرەققىي قىلىپ پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كېڭەيدى. خەلىپە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بۇخارا ھاكىمبېگى ھۆسەيىن ئىبنى مۇئاز ئەرەبلەردىن تەشكىل تاپقان زور قوشۇننى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئاتلاندى. 776- يىل 4- ئايدا نارشاھ دېگەن جايدا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىپ، قوزغىلاڭچىلاردىن 700 دىن ئارتۇق ئادەم ھالاك بولدى، لېكىن ئۇلار كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ بۇخارانى ئىگىلىۋالدى. خەلىپە ئەل مەھدى قوزغىلاڭنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ،

رۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا مەزھەپلەر كۈرىشى ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. 815- يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم رەھبەرلىكىدە باشلانغان كۇفەدىكى ھەزرەت ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، ئىراقلىقلار تەرىپىدىن خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ تاغىسى ئىبراھىمنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ ھەمدە 816—837- يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئازاربەيجانلىق بابەك قوزغىلىڭى[1]، 869- يىلى ئابباسىيلار

خوراساندىكى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى جىبرائىل ئىبنى ئەشھاغا جىددىي بۇيرۇق قىلدى. ئۇ نۇرغۇن لەشكىرىي كۈچ بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە قازىنالمىدى. خەلىپە خوراسان ۋالىيسىنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇئاز ئىبنى مۇسلىمنى ۋالىي قىلدى. ئۇ 777- يىلى بۇخارا ۋە مەرۋە ئارىسىدىكى رايونلاردىن زور قوشۇن توپلاپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بايكەنت ئەتراپىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئەجەللىك زەربە يېدى. مۇئاز ئىبنى مۇسلىم ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خوراسان باش ۋالىيسى مۇسەييىب ئىبنى زۇھەير نۇرغۇن ۋاقىت تىرىشىپ ئۈستۈن لەشكىرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ، 783- يىلى موغەننا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق قورشاۋغا ئالدى. نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار قىرغىن قىلىندى، موغەننا تىرىك قولغا چۈشۈشنى خالىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

[1] بابەك قوزغىلىڭى 816- يىلى ئازاربەيجان ۋە غەربىي ئىراندا پارتلىغان ۋە قەرمەتلەر مەزھىپى ئاساسىدا داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قوزغىلاڭ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كېيىنچە قوزغىلاڭچىلار

www.uyghurkitap.com



خەلىپىلىكنى زىلزىلىگە سېلىپ بەسرەدە پارتلىغان زەڭگىلەر قوزغىلىڭى ① قاتارلىق ھەرقايسى بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ ئىشغالىيەتكە قارشى كۆرەشلىرى، جايلاردىكى شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق

---

ئىچىدىكى بىر قىسىم يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن، 837- يىلى بابەك تۇتۇلۇپ قۇربان بولغان.

① زەڭگىلەر قوزغىلىڭى — IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى ئافرىقىدىكى زانزىبار قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن نېگىر قۇللارنى ئېلىپ كېلىپ، ئېفرات دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سازلىقتا يەر ئېچىشقا سالغان. ئۇلار شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، سازلىقلارنى قۇرۇتۇپ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئېغىر ئەمگەك ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان بۇ قۇللار 869- يىل 2 - ئايدا ئەلى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى خاۋارىجلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، دىيانەتسىز ھۆكۈمرانلارنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش، ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، ئىرق پەرقىنى يوقىتىشنى تەرغىب قىلغان. ئۇلارنىڭ قوشۇنى قۇللار، نېگىر لەشكەرلەر، چارۋىچى بەدەۋىيلەردىن بولۇپ 200 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلار بەسرەنى مەركەز قىلىپ پايتەخت باغدادقا تەھدىت سالغان، ھۆكۈمەت قوشۇنىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىغان، قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنمىغان. قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا بىرلىك بۇزۇلغان. نەتىجىدە قوزغىلاڭ 883- يىلى خەلىپە تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان.

كۆرەشلەر، خوراساندا پارتلىغان خاۋارىجلار[1] نىڭ ھەرقايسى
ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۈزلۈكسىز كۆرەشلىرى،
ئىسمائىلى[2] تېررورچىلىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە بۇزغۇنچىلىق

[1] خاۋارىجلار— تۆتىنچى خەلىپە ھەزرەت ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا 658- يىلى يۈز بەرگەن «سەپپىن ئۇرۇشى» دىن كېيىن، ھەزرەت ئەلى قوشۇنى ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان مەزھەپ. ئۇلار ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىپتىدائىي دېموكراتىك باراۋەرلىكنى يولغا قويۇپ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى لەشكەرلەر ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىش، يەرنى دىنىي مۇرىتلارغا ئومۇمىي مۈلۈك قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلىپە دىنىي مۇرىتلار تەرىپىدىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئۇ ئاللاغا مۇتلەق بويسۇنۇشى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش زۆرۈر دەپ قارىغان. ئۇلار ھەزرەت ئەلىدىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى زالىم ھۆكۈمرانلار دەپ قاراپ ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز قارشى تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئىنقىرازىنى تېزلەتكەن. ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆرەش جەريانىدا خاۋارىجلارنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتكەن. كېيىنچە، ئۇلار مەسلەك ۋە كۆزقاراش جەھەتتە بىرقانچە پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن ئەزرەقىلەر، مورجىئىلەر، ئىبادىلەر بولۇپ، ئىبادىلەردىن باشقىلىرى ھۆكۈمرانلار بىلەن بولغان تەڭسىز كۆرەشلەردە قىرىلىپ تۈگىگەن. ئىبادىلەرنىڭ بىر قىسمى ئافرىقىدىكى ئومان، زانزىبار قاتارلىق جايلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار دىنىي ئىبادەت ۋە ئۆرپ- ئادەت جەھەتتە ئىسلام مەزھەپلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

[2] ئىسمائىلى مەزھىپى— بۇ VII ئەسىردە شەكىللىنىپ، X ئەسىرلەردە يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ تارقالغان. ئۇ، شىئە مەزھىپىدە يەتتىنچى ئىمام مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئەرەب ئىستېلاسىغا ۋە ئاخىرىدا ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان مازداكىزم[1] ھەرىكىتى خەلىپىلىكنىڭ

---

شىئە مەزھىپىدىن ئاجرىلىپ چىققان، يەنى شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى ئىمام جەئپىرى سادىق كېيىن - ساپاغا بىرىلىپ كەتكەن چوڭ ئوغلى ئىمام ئىسمائىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى ئىمام مۇسا كازىمنى ۋارىسلىققا بەلگىلىگەن. ئىسمائىلىلار بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ، ئىمام ئىسمائىلدىن كېيىنكى ئىماملارنى ئېتىراپ قىلمىغان. شۇڭا، ئۇلار «يەتتە ئىمام مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[1] مازداكىزم دىنىي، پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسچىسى 470 — 529- يىللاردا ياشىغان مازداك دېگەن كىشى. مازداكىزم ھەرىكىتى V — VI ئەسىرلەردە ئىرانغا كەڭ تارقالغان. مازداك تەلىماتىنىڭ ئاساسى ئالەمدە بولىدىغان ئاگلىق ۋە بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغۇچى ئىزگۈلۈك، يورۇقلۇق مەنبەسى بىلەن تاسادىپىي ھەرىكەتلەنگۈچى قاراڭغۇلۇق (جاھالەت) مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت. بۇ كۈرەش «ياخشىلىق» نىڭ «يامانلىق» ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەرغىب قىلىش — مازداكىزمنىڭ تۈپ ئىدىيىسى. مازداكىزم ھەرىكىتى VI ئەسىردە باستۇرۇۋېتىلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئازارىبەيجاندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي زۇلۇمغا، ئەرەبلەرنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مۇغەننا، بابەك قاتارلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئاساسلىق شوئارى ۋە بايرىقى بولغان.

بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى تەۋرىتىپ قويدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقوقى ئاجىزلاپ، خەلىپە ئەل مەئمۇن قۇرۇق جازىغىلا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، 833- يىلى كىچىك ئاسىيادا ئۇرۇش ئۈستىدە ۋاپات بولدى.

ئەل مەئمۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى ئەل مۇئتەسەم 833—842- يىللىرىغىچە، ئەل ۋاسىق 842—847- يىللىرىغىچە خەلىپە بولدى. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە چەت جايلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە ۋالىيلىرى مەركەزدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلاشتى. مەسىلەن، ئەل مەئمۇن دەۋرىدە خوراساندىكى خاۋارىجلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن باش قوماندان تاھىرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇ يەرنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ئىگىلەپ كەلگەن ئىدى. ئەل ۋاسىق دەۋرىدە ئۇلار مەركەزدىن ئايرىلىپ، خوراساننى مەركەز قىلغان تاھىرىيلار سۇلالىسى (820 — 872)نى قۇردى. پېرسىيە (ھازىرقى ئىران) نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان سىيستاندا سەپەرىيلەر خانلىقى (867—908 ) قۇرۇلدى. ئوكسۇس (ئامۇ دەريا ) ۋادىسىغا خەلىپە ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىسمائىل سامانىي ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن سامانىيلار خانلىقى (874—999)

www.uyghurkitap.com



ھەمدە پېرسىيىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ھىندىستانىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن غەزنەۋىيلەر خانلىقى (912—1186) قۇرۇلدى. يەنە پېرسىيىلىك ئەمرۇلئەمرا ئەھمەد ئىبنى بۇۋەيھىدى تەرىپىدىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزىدە شىئە مەزھىپىدىكى بۇۋەيھىدىلەر خانلىقى (944—1055) قۇرۇلۇپ، مەركەزدە تۇرۇپ ھوقۇق يۈرگۈزدى. بۇ دەۋردە سۈننىي مەزھەپتىكى سەلجۇق تۈركلىرى خەلىپىلىك دائىرىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقى (1055—1194) نى ئورنىتىپ مۇستەقىل ھۆكۈم سۈردى. مىسىر، ھىجاز ۋە سۈرىيىدە ئەييۇبىيە سۇلالىسى (1170—1240) ئەھلىسە-لىپكە قارشى كۈرەشلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، دەسلەپكى ئاbbاسىيلارنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى بولغان ئەل مۇقتەدىر دەۋرى (903—932) دە، خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپلىگەن زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بولۇپمۇ شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانىدا ئەمەلدارلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، چىرىكلىكى ئىنتايىن ئەۋج ئالدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تېخىمۇ روشەن بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىدى. خەلىپىلىك دائىرىسىدە يۈز

بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇمىد ۋە ئىشەنچىنى يوقىتىپ، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ ھەر خىل مەخپىي تەشكىلاتلارغا ياكى ئىسمائىلىلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن تېررورچى تەشكىلات مەزھەپلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بىئال تۇرمۇشتىن چەتنەپ، تەسەۋۋۇپنىڭ خىلمۇخىل مەزھەپ ۋە مەسلەكلىرىنىڭ سىرلىق ئوردىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

## 2. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ماۋەرائۇننەھر رايونىغا سامانىيلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. سامانىيلارنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى سامان ئەسلىي بەلخ ئەتراپىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بىر قوۋم بولۇپ، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا زاروئاستر دىنىدىن يېنىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. كېيىن ئۇ باغداد خەلىپىسى تەرىپىدىن بۇ رايونغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. سامانىنىڭ نەۋرىلىرى نوھ، ئەھمەد، يەھيا ۋە ئىلياسلارمۇ كاتتا ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسىلەن، خەلىپە ئەل مەئمۇن تەرىپىدىن نوھ سەمەرقەنتكە، ئەھمەد پەرغانىگە، يەھيا چاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئوستراشانغا، ئىلياس ھىراتنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. قېرىنداشلىرىدىن يۇقىرى ھوقۇق ئىگىلىگەن ئەھمەد 865- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ناسىر ئىقتىدارسىز ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن، 874- يىلى ئىنىسى ئىسمائىل ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. 888- يىلى ناسىر بىلەن ئىسمائىل ئوتتۇرىسىدا قوراللىق ئۇرۇش يۈز بېرىپ، ئىسمائىل ئاكىسىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئاكىسىغا پەۋقۇلئاددە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىپ، سەمەرقەنتكە يولغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناسىر نامدا ھۆكۈمران ئاتالسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق ئىسمائىلنىڭ قولىغا ئۆتتى. 892- يىلى ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسمائىل ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمران بولدى. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

باغداد خەلىپىسى ئۇنىڭ كۈچلىنىپ كېتىپ، ئۆزىگە تەھدىت يەتكۈزىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، سەپپارىيلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمرنى ئۇنىڭغا قارشى قوزغىتىپ مەخپىي يارلىق چۈشۈردى. ئەمر خەلىپىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىسمائىلغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. تارىخچى نارشاخىنىڭ

خاتىرىلىشىچە، ئىسمائىل بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەن ۋە باشقا تىنچ ئاھالىنى سەپەرۋەر قىلىپ قورالاندۇرۇپ زور قوشۇن تەشكىل قىلىپ، بەلخكە يۈرۈش قىلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىنى توستى. 900- يىلى ئىسمائىل ئەپچىللىك بىلەن ئەمىرنى يېڭىپ، پۈتۈنلەي تارمار قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل خوراسانغا ھۆكۈمران بولدى.

ئىسمائىل ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقلىرىنى باستۇرۇپ، بۇ رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەرەب ئىستېلاسىغا قارشى ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ خوراساننى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىراننىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قاراتتى. ئىسمائىل مۇستەقىل سامانىيلار خانلىقىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، تاكى 100 يىلغىچە چەتنىڭ ھېچقانداق تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماي، تىنچ ۋە ئاسايىشلىقتا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتلاردا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلدى ۋە خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. لېكىن، سامانىيلار خانلىقىدا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى چېگرا ئۆلكىلەرگە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمرانلىقى كۈچلۈك بولمىدى.

ئىسمائىل 907- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (907 — 914)دە، بىر قىسىم چېگرا جايلاردا قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئالدى بىلەن سەمەرقەنت، رەي، سىيىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەھمەد بۇ قوزغىلاڭنى ئۇرغۇن ترىشىش ئارقىلىق ئاران باستۇردى. لېكىن، ئۇ شىكارغا چىققان پەيتىدە، ئۆزىنىڭ تۈرك مۇھاپىزەتچىلىرى تەرىپىدىن 914- يىلى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ناسىرII ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران بولدى. ناسىرII ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەرمەتلەر[1] (ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن يازما

---

[1] قەرمەتلەر IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسمائىلى مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىراقتا مەيدانغا كەلگەن، كېيىنچە سۈرىيە ۋە يەمەنلەرگە تارقالغان. ئابباسىيلار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۇزاق ۋاقىت كەڭ كۆلەملىك كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ سىياسىي غايىسى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك بولغان. فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، يەرنى جامائەت ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىت ياكى خانىقاسى بولمىغان، ھېچقانداق دىنىي مۇراسىملارنى بېجىرمىگەن، شەرىئەت قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇلار 899- يىلى بەھرەيىندە ھاكىمىيەت قۇرغان. بۇ دۆلەتتە ئەمگەكچى خەلق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، بارلىق سىنىپلار (?) ... سېلىقلاردىن ئازاد قىلىنغان. 930- يىلى ھەج مەۋسۇمىدا ئۇلار

مەنبەلەردە «خۇررەمىتلەر» دەپ ئېلىنغان) نىڭ پائالىيىتى كۈچەيدى. ناسىر II ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ھىمايە قىلدى، پائالىيىتىنى قوللىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق نارازى بولغان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تۈركلەردىن تەركىب تاپقان ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بىر چوڭ زىياپەت كۈنى ناسىر II نى ۋە قەرمەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. بىراق، بۇ سۇيىقەست ناسىر II نىڭ ئوغلى نوھقا مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۇ، دادىسى بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەستچىلەرنىڭ باشلىقىنى ئوردىغا ئالداپ ئەكىرىپ ئۆلتۈردى ھەم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، سۇيىقەستچىلەر باشلىقىنىڭ بېشىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ، ناسىر II ھاكىمىيەتنى ئوغلى نوھقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

نوھ ئىبنى ناسىر II ھۆكۈمرانلىق قىلغان (943—954) مەزگىلدە، بۇ خانلىقنىڭ زەئىپلىشىشى باشلاندى. دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئېغىر مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باج - خىراج ئېغىرلىتىلغانلىقتىن ئىچكى نارازىلىقلار

مەككىگە باستۇرۇپ كىرىپ، تالان - تاراج قىلغان، ھاجىلارنى ئۆلتۈرگەن، ھەجرۇلئەسۋەتنى پارچىلاپ ئۇلجا قىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىران ۋە ئىراقتا كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلار ئىسمائىلىيلەرنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىز بىزنىڭ ئادرېسى



كۆچەيدى. نوھنىڭ تاغىسى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد بۇ قىيىنچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، چاغانىيە ئۆلكىسىدىكى چوڭ يەرلىك ھۆكۈمران ئابۇ ئەلى چاغانىنىڭ قوللىشى بىلەن 947- يىلى 1- ئايدا تەختنى تارتىۋالدى، نوھ سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتتى. ئابۇ ئەلى چاغانىيگە كەتكەندىن كېيىن، نوھ يەنە سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ ئۆز تەختىنى ئىگىلىدى.

نوھنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇل مالىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (954 — 961) دە، تۈرك ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئورنى تېخىمۇ كۈچەيدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى تامامەن ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى ئالىپ تېگىن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئابدۇل مالىك ھېچكىمنى مەنسەپكە قويالمايتتى. ئابدۇل مالىك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ناسىر III تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر كۈنلا دەۋر سۈردى. چۈنكى، ئالىپ تېگىن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوللىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر ئىبنى نوھ تەختكە چىقتى. ئالىپ تېگىن بۆلگۈنچى سەركەردىلەر بىلەن مەرۋە ۋە بەلخ رايونىدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشقاندىن كېيىن غەزنەگە كېتىپ، 962- يىلى ئۇ

يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. 963- يىلى ئالىپ تېگىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەنسۇر ئىبنى نوھ سامانىيلارنىڭ غەزنەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

مەنسۇر ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى نوھII ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان (976—997) مەزگىلدە، ھەرقايسى يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ماجىرالىرى ئەۋج ئالدى ۋە بىر قىسىم جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلىشىپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرالمايدىغان ھالغا يېتىپ قالدى. 993- يىلى كۆپلىگەن تۈرك كۆچمەن قەبىلىرى سامانىيلار تېررىتورىيىسىگە تۇنجى قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئاجىزلىقى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ياغما قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان خانلار بولۇپ، «قاراخانىيلار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە بىرقەدەر مەدەنىيەتلىك قەبىلە قارلۇق قەبىلىسى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى (850— 1212) ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن، يەتتىسۇ ۋادىسى ۋە پوتكول تېرىم ۋادىسىنى ئاساس قىلغان قەشقەرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. نوھII پوتكول مەملىكەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، قاراخانىيلارغا قارشى دىنىي ئۇرۇش قىلىشنى چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قارا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خانىيلار ئاللىقاچان ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلمانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چاقىرىقى ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، نوھII تەرىپىدىن قويۇلغان خوراسانىنىڭ باش ۋالىيسى سىمجۇرى قاراخانىيلارنىڭ خانى بۇغراخان بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى. سامانىيلارنىڭ بىرقانچە چوڭ سەركەردىلىرى ئاستىرتتىن قاراخانىيلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قاراخانىيلار قوشۇنى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلدى. 992- يىلى بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سەركەردىلىرى ئولجا غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى. بۇ چاغدا سىمجۇرى خوراساننى، باش قوماندان پوئىك بولسا بەلخنى ئىشغال قىلىپ تۇراتتى.

نوھII بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىغا ئىشەنمەي، غەزنە ھۆكۈمرانى سەبۇك تېگىندىن ياردەم سورىدى. سەبۇك تېگىن ئەسلىي سامانىيلار ئوردىسىدىكى تۈرك مۇھاپىزەتچىلىرىدىن كېلىپ چىققان ئاجايىپ ئۆتكۈر قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى ئىدى. ئۇ نوھIIنىڭ تەلىپىنى قوللاپ، دەرھال 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن كىش، ئاندىن نەخشەپ شەھەرلىرىگە كىردى. ئۇ

يەردىن يولغا چىقىپ نوھII نىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، سىمجۇرى بىلەن پوئىك قاتارلىق ئاسىيلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. بىرقانچە قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق بۇ ئاسىي قوشۇنلار تارمار قىلىندى. سىمجۇرى بىلەن پوئىك گورگانغا قېچىپ كەتتى. نوھII سەبۇك تېگىننىڭ بۇ خىزمىتىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن «دىن ۋە دۆلەتنىڭ پاسىبانى» دېگەن نامنى بەردى. سەبۇك تېگىننىڭ ئوغلى مەھمۇدقا «دۆلەتنىڭ قىلىچى» دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى سىمجۇرىنىڭ ئورنىغا خوراسانغا ۋالىي قىلدى. 995 - ، 996- يىللىرى سامانىيلارنىڭ بەزى يەرلىك ھاكىمبەگلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈشتى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاراخانىيلار ھۇجۇم قىلدى. نوھII بۇ قېتىممۇ سەبۇك تېگىننىڭ ياردىمىگە تاياندى ھەم قاراخانىيلارنىڭ بۇخاراغا كىرىشىنى توسۇپ قالدى. بىراق، ئاخىر سىر دەريا ۋادىسىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى قاراخانىيلارغا بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ زىددىيەتتىن پايدىلانغان غەزنەۋىلەرنىڭ تەسىرى بۇ رايوندا تېخىمۇ كۈچىيىپ، نوھII ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھۆكۈمران بولالماي قالدى.

997- يىلى نوھII بىلەن سەبۇك تېگىن ۋاپات بولدى. نوھIIنىڭ ئوغلى مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، 997— 999- يىلىغىچە خان بولدى. ئۇ غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خانى مەھمۇدنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئىدى. نىشاپور ھۆكۈمرانى بەگ تۇزەن بىلەن پوئىنك ئەسلىدە غەربىي قاراخانىيلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئىدى. ئۇلار مەنسۇر بىلەن مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مەنسۇرنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى 999- يىلى مەنسۇر ۋاپات بولدى. بەگ تۇزەن بىلەن پوئىكنىڭ يۆلىشى ئارقىلىق مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇل مالىك ئىبنى نوھ تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەھمۇد غەزنەۋى لەشكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. مەھمۇد غەزنەۋى يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خوراساننى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇل مالىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا پەقەت ماۋەرائۇننەھر رايونىلا قالدى. 999- يىلى بۇ ئاخىرقى بازىمۇ غەربىي قاراخانىيلار تەرىپىدىن يېمىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ناسىر ئىلىكخان سامانىيلار پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى.

XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئابدۇل مالىكنىڭ ئىنىسى ئابۇ ئىبراھىم باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ غەربىي قا-

راخانىيلارغا قارشى كۈرەشتە ئۆزىگە «مۇنتەسىر» (غەلىبە قىلغۇچى) دېگەن نامنى قويدى. مۇنتەسىر ئەسلىدە غەربىي قاراخانىيلار بۇخارانى ئىشغال قىلغان ۋاقىتىدا، ئۆزگەندتە نەزەربەند قىلىنغان ئىدى. ئۇ يەردىن خارەزىمگە قېچىپ بېرىپ، بىر قىسىم سامانىي تەرەپدارلىرىنى توپلىدى، ئاندىن بۇخاراغا بېرىپ غەربىي قاراخانىيلار تەرىپىدىن قويۇلغان ۋالىينى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. مەغلۇپ بولغان غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنلىرى سەمەرقەنتكە چېكىندى. بۇ ۋاقىتتا قاراخانىنىڭ ئىنىسى جاپارتېگىن سەمەرقەنتتە ھاكىمبەگ ئىدى. ئۇ چېكىنىپ كەلگەن قوشۇن بىلەن ئۆز قوشۇننى بىرلەشتۈرۈپ، مۇنتەسىرگە قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. مۇنتەسىر ئۇلارنى غەربىي قاراخانىيلار قولىدىكى سامانىي ئەسىرلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن نەزەربەند قىلىپ، ئۆزى بۇخاراغا قايتىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق، ناسىر ئىلىكخان ئاساسىي قوشۇنى بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا، مۇنتەسىر ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلمايلا بۇخارانى تاشلاپ، خوراسانغا قېچىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۆزىگە بېقىنىدىغان ئوبۇلقاسىم سىمجۇرى بىلەن بىرگە مەھمۇد غەزنەۋىگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇرۇشى ئۇنۇمسىز ئاخىرلاشتى.

1003- يىلى مۇنتەسىر ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قايتىپ، كۆچمەن ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە غەربىي قاراخانىيلارغا قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئوغۇزلار ئەسلىدە بىر قەبىلە ئىتتىپاقى ئىدى. «ئۇ، بەزى تۈرك قەبىلىلىرى ھەم بىر قىسىم ماسساگېت قەبىلىلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە راۋاجلاندى»[1]. لېكىن، ئۇلارنىڭ تىلى يەنىلا تۈرك تىلى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى XI ئەسىردە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندى. 1006- يىلى غەربىي قاراخانىيلار بىلەن مەھمۇد غەزنەۋىي ئارىسىدىكى مۇنقەرز بولغان سامانىيلارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە يەر- زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈش ھەربىكتى تىنچ ئۆتۈپ ئۇلار ئوتتۇ- رىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلدى، ھەتتا قۇدىلىشىش ئارقىلىق ناسىر ئىلىكخان قىزىنى مەھمۇد غەزنەۋىيگە خوتۇنلۇققا بەردى. لېكىن، بۇ دوستلۇق ئانچە ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلمىدى. 1006- يىلى مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي قاراخانىيلار

---

[1] گ . ب. غاپۇرۇپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى، 2- قىسىم 103- بەت.

غەزنەۋىيلەرگە تەۋە زېمىنغا ھۇجۇم قىلدى ھەم ئاساسىي قىسمى خوراسانغا كىرىپ تۇس، ھىرات، نىشاپۇر ۋە بەلخلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. مەھمۇد غەزنەۋىي تېزدىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، نىشاپۇرنى ئىگىلەپ تۇرغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ لەشكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالدى.

1007- يىلى ناسىر ئىلىكخان نىشاپۇرنى قايتا ئىشغال قىلىش غەرىزىدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. بۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. مەھمۇد غەزنەۋىي ئۇلارغا قارشى چوڭ قوشۇن ۋە 500 دىن ئارتۇق جەڭ پىلى تەييارلىدى. بۇلار ئارىسىدىكى جەڭ بەلخدىن تۆت پەرسەخ يىراقلىقتا ئېلىپ بېرىلدى. جەڭ پىللىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرمىگەن قاراخانىيلار قوشۇنلىرى ناھايىتى تېز تارمار قىلىندى.

1012- يىلى ناسىر ئىلىكخان ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى تېگىن ھۆكۈمران بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈملىق دەۋرىدە ئىچكى قىسىمدا ھوقۇق تالىشىش ماجرالىرى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەھمۇد غەزنەۋىيگە چېقىلمىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەھمۇد غەزنەۋىي ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ھىندىستانغا بىرقانچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قېتىم ھۇجۇم قىلدى. 1019- يىلى ئۇ ھىندىستاندىن نۇرغۇن گۆھەر ۋە جاۋاھىراتلارنى، 350 جەك پىلى، 57 مىڭ نەپەر قۇلنى ئېلىپ غەزنەگە قايتتى. 1024- يىلى ئۇ زور قوشۇن باشلاپ بەلخكە يۈرۈش قىلدى ھەم غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئەلى تېگىننىڭ زۇلمىدىن ماۋەرا-ئۇننەھر خەلقىنى ئازاد قىلىمەن دېگەن شوئار بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇ رايوندىكى چاغانىيە، خاتلان قاتارلىق كۆپلىگەن جايلارنى ئىشغالىيىتىگە ئالدى. ئۇ يەنە 1029- يىلى راي (ئىراندا) نى ئىگىلىدى.

1030- مەھمۇد غەزنەۋىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد سۇلتان بولدى. ئۇ ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1030—1041)دە، خارەزىم شاھى ئالتۇن تاشنىڭ ئوغلى مارۇن خارەزىمگە شاھ بولدى. ئۇ ھوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار خانى ئەلى تېگىن ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سەلجۇق ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، 1034- يىلى غەزنەۋىيلەرنىڭ ھامىيلىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. خۇتبەلەردە سۇلتان مەسئۇدنىڭ نامىنى قالدۇرۇپ، ئۆز نامىدا خۇتبە ئوقۇتتى. شۇ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قوللىشى بىلەن خارەزىم شاھى مارۇن غەزنەۋىيلەر تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان مەسئۇدنىڭ جازا يۈرۈش

قىلغان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ پەيتتە يېڭىدىن قۇدرەت تاپقان سەلجۇقىيلەر غەزنەۋىيلەرگە قارىتا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى.

1041- يىلى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي ئىسيانكارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋدۇد سۇلتان بولدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە تەخت تالىشىش ئەۋج ئېلىپ، غەزنەۋىيلەر خانلىقى ئىنقىرازغا يۈزلەندى. 1050- يىلى سۇلتان مەۋدۇد نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ خوراسانغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سەپەر ئۈستىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. 1059- يىلى سەلجۇقىيلەر بەلخنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن غەزنەۋىيلەر خانلىقى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يېڭىدىن قۇدرەت تاپقان سەلجۇقىيلەر بىلەن خارەزم شاھلىرى بىر - بىرىدىن ھوقۇق تالىشىدىغان جەڭگاھقا ئايلاندى.

دېمەك، ئەھلىسەلىپتىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن خانلىق ۋە سۇلالىلەر داۋاملىق ھالدا بىر - بىرى بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## 3. سەلجۇقىيلەرنىڭ پائالىيىتى

سەلجۇقىيلەرنىڭ چوڭ بوۋىسى سەلجۇق بىننى دا-قاق 885- يىلى تۇغۇلۇپ، 1000- يىلى 115 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەسلىدە ئوغۇز يابغۇسىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەر بېشى (سۇ بېشى) بولۇپ، 910- يىلى 25 يېشىدىن باشلاپ تاكى 990- يىلغىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن.

سەلجۇقبەگ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، باتۇر ۋە مەرد يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن، قەبىلە ئىچىدە ھۆرمەتلىك بولۇپ، قول ئاستىدىكى قوشۇن ناھايىتى قوللايتتى، ئەمر - پەرمانلىرىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. ئوغۇز يابغۇسى سەلجۇقبەگنىڭ لەشكەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا يوقاتماقچى بولغان. سەلجۇقبەگ بۇ سۇيىقەستلىك پىلاندىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىن 100 ئاتلىق يىگىتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، 1500 تۆگە، 50 مىڭ قوينى ھەيدەپ، ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئوغۇز يابغۇسىنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپ مۇسۇلمانلار يۇرتىغا، يەنى سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى جەند رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرى

بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇپ قالغان.

تارىخىي يازما خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سەلجۇقبەگنىڭ ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ (990 — 1025-يىلىغىچە ئوغۇزلارغا يابغۇ بولغان)، مىكائىلبەگ (998-يىلى ۋاپات بولغان)، مۇسا ئىنانچ بايغۇ (1028—1033-يىلغىچە ئوغۇزلارغا يابغۇ بولغان)، يۈسۈپ ئىنالبەگ (994-يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق تۆت ئوغلى بولغان. مىكائىلبەگ بىلەن يۈسۈپ ئىنالبەگ دادىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ بىلەن مۇسا ئىنانچ يابغۇ دادىسىدىن كېيىن ئوغۇزلارغا يابغۇ بولغان.

ئوغۇزلار سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جەند شەھىرى ئەتراپىدىكى جايلاردا ھايات كەچۈرگەن زامانلاردا، ئۇلارغا ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ بىلەن مۇسا ئىنانچ يابغۇ رەھبەرلىك قىلغان. مىلادىيە 990-يىلى سەلجۇقبەگنىڭ ئوغۇللىرى نۇرغۇن ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئوغۇز خانلىقى (990 — 1040) نى قۇردى. ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يانكەنت (يانگى كەنت) شەھىرى ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بولدى. شەھەردە تۇرۇپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپىيىپ بىر مىليوندىن ئېشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



بەكمۇ جەڭگىۋار كۆچكە ئايلاندى.
مەھمۇد غەزنەۋى 1024- يىلى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەلى تېگىنگە قارشى بەلخكە لەشكەر تارتقان ۋاقتىدا، ئوغۇز خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ غەربىي قاراخانىيلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇلارنى خوراساننىڭ شىمالىي تەرىپىگە يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى. ئوغۇزلار ئوت- سۈيى مول بۇ مۇنبەت زېمىندا تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان. ئۇلارنىڭ كۈنسېرى كۈچلىنىپ قۇدرەت تېپىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلغان مەھمۇد غەزنەۋى نۇرغۇن ياخشى تىلەك ۋە ۋەدىلەر بىلەن ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنى پايتەخت غەزنەگە كېلىپ كېڭىشكە تەكلىپ قىلىپ خەت يازغان. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ساختا ۋەدىلەرگە تولۇپ كەتكەن خېتىگە ئالدانغان ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ بىر قىسىم ئوغۇز بەگلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پايتەخت غەزنەگە بارغان. ئۇ بارغان زامان غەزنەۋى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، بىللە بارغان ئوغۇز بەگلىرى بىلەن بىرگە قوشۇپ ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىلىپ، كالانجىر قورغانىغا قامالغان. ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى 1025- يىلى ئاشۇ قورغاندا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇز

خانلىقىغا سەلجۇقبەگنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇسا ئىنانچبەگ يابغۇ بولغان. بۇ دەۋردە ئوغۇز خانلىقىنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرىگە سەلجۇقبەگنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان ئوغلى مىكائىلبەگنىڭ ئوغۇللىرى چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگلەر يېتەكچىلىك قىلغان.

مۇسا ئىنانچبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىكائىلبەگنىڭ ئوغلى توغرۇلبەگ يابغۇ بولدى. ئۇ تولىمۇ باتۇر ۋە تەدبىرلىك سەركەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل خوراساننى ئۆزىگە قاراتتى. يەنە قېرىنداشلىرىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى بىلەن نۇرغۇن ئۆلكىلەرنى ئۆزىگە قاراتتى. غەزنەۋى ھۆكۈمدارلىرى ئوغۇزلارنىڭ بۇ خىل كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ غەربتىكى بىر قىسىم ئۆلكىلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

تارىخىي يازما مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، 1037- يىلى توغرۇلبەگنىڭ قېرىندىشى چاغرىبەگ خوراساننىڭ ئەڭ باي ۋە مەدەنىيەتلىك شەھىرى بولغان مەرۋىشاھجاھاننى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى «مەلىكۇل مۇلۇك» (شاھلارنىڭ شاھى) دەپ ئاتىلىپ، مەرۋىشاھجاھاننىڭ بارلىق مەسچىتلىرىدىكى خۇتبىلەردە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوقۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بەلخ شەھىرى ئوغۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىردى. 1038-يىلى نىشاپور شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، توغرۇلبەگنىڭ نامى خۇتبىلەردە ئوقۇلۇپ، سۇلتان نامى بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭ بۇ غەلىبىسى غەزنەۋى ھۆكۈمرانلىرىنى كۈچلۈك تەشۋىشكە سېلىپ قويدى.

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى ئوغۇزلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ جەمئىي 50 مىڭ كىشى ۋە 300 دىن ئارتۇق جەڭگىۋار پىلدىن تەركىب تاپقان زور قوشۇننى نىشاپوردىن نىساغا يۆتكىدى. بۇ بىرلەشمە قوشۇن ئىچىدە بۇددىست ھىندىلەر، كورد، ئەرەب، تۈرك ھەم تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت كىشىلىرى بار ئىدى. 1040-يىلى يىل بېشىدا نىشاپور ئارقىلىق ئوغۇزلارنىڭ قوشۇنى جايلاشقان رايونغا قاراپ ئاتلاندى. ئوغۇز قوشۇنى دەندانقان (ھازىرقى تاشراباتـ)قا چېكىندى. بۇ جاي ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىشكە ئەپلىك ئىدى. شۇ يىل 5-ئايدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ قوشۇنلىرى دەندانقانغا يېتىپ باردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان توغرۇلبەگ 16 مىڭ ئاتلىق ئوغۇز قوشۇنىنى باشلاپ 8-ئاينىڭ 22-كۈنى مەرۋىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا مەسئۇد غەزنەۋى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئىككى قۇدرەتلىك قوشۇن مەرۋە بىلەن

سىراكىس ئارىلىقىدىكى دەندانقاندا بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى.

8- ئايىنىڭ 23- كۈنى ئۇرۇش باشلانغان چاغدا، مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ خوجىپ ۋە بەگتوغرۇل قاتارلىق سەركەردىلىرى قوماندانلىق قىلغان قوشۇنلار دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن، كەچقۇرۇن ئوغۇزلار ئۇلارنىڭ بارگاھلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ جەڭگاھدىن يوشۇرۇن ھالدا چىقىپ، مارۋاروت دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پايتەخت غەزنەگە قېچىپ كەتتى.

تارىخىي يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا قان ئەڭ كۆپ تۆكۈلگەن جەڭلەرنىڭ بىرى بولدى. مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى 16 مىڭ كىشىلىك ئوغۇز قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارنى يەڭگەن ئۇرۇشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. دەندانقان ئۇرۇشى سەلجۇق ئوغۇزلىرىنى دۇنياۋى شان - شۆھرەتكە ئېرىشتۈردى. جەڭ ئاخىر-لاشقاندىن كېيىن، توغرۇلبەگ جەڭگاھقا تەختىنى قۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزى خوراساننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى ھەم يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت نامىنى بوۋىسى سەلجۇقبەگنىڭ نامى بىلەن ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختا بۇ دۆلەتنىڭ نامى «سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسى»، بۇ ئىمپېرىيىنى قۇرغان ئوغۇزلار «سەلجۇقىيلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

توغرۇلبەگ تەختتە ئولتۇرغان دەۋر (1040—1063) دە، ئىنىسىنى خوراساندا قالدۇرۇپ، ئۆزى قوشۇنلىرىنى گورگانغا يۆتكىدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە گورگان، تەبەرىستان، خارەزىم ۋە ئازاربەيجان قاتارلىق جايلارنى، ھەتتا ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، توغرۇلبەگ بۇۋەيھىدىلەر سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قىسىم ئۆلكىلەرنىمۇ تارتىۋالدى. 1055-يىلىغا كەلگەندە، توغرۇلبەگ خوراسان بىلەن پېرسىيىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۇ باغدادقا قاراپ قوشۇن تارتتى. باغداد خەلىپىسىنىڭ باش قوماندانى، تۈرك بەگلىرىدىن بولغان ئەمىرۇلئەمرا ئەل باساسىر توغرۇلبەگنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرمەيلا تۇرۇپلا، پايتەخت باغداد شەھىرىنى مۇداپىئەسىز تاشلاپ قېچىپ كەتتى. خەلىپە بولسا ئەل باساسىرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، سۈننىي مەزھىپىدە

بولغان توغرۇلبەگ دەك نىجاتچىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. توغرۇلبەگ باغدادقا يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە ئۇنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا «شەرق ۋە غەربنىڭ خوجىسى» دېگەن نامنى بەردى، 1056- يىلى يەنە ئۇنىڭغا سۇلتانلىق ئۇنۋانى بەردى. بەزى تارىخي مەنبەلەردە، خەلىپە سەئىدە ئىسىملىك قىزىنى توغرۇلبەگكە ياتلىق قىلدى دېيىلگەن.

توغرۇلبەگنىڭ ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەۋەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۇ شىمالنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇن تارتىپ شىمالغا ئاتلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەل باساسىر پاتىمەلەر خەلىپىلىكىدە پاناھلانغان يېرىدىن ھەرىكەت قىلىپ، بىر قىسىم قالدۇق قوشۇن بىلەن پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ باغدادنى ئىشغال قىلدى. ئۇ باغدادقا 10 ئايدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، توغرۇلبەگ قوشۇنلىرىنى يۈرۈشتىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئەل باساسىر قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقاتتى. ئەل باساسىرنى بولسا توغرۇلبەگ ئۆز قىلىچى بىلەن چاناپ پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن توغرۇلبەگ سۈرىيە ۋە مىسىردىن باشقا پۈتكۈل ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەۋەسىنىڭ يېگانە سۇلتانى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



توغرۇلبەگ ئاساس سالغان بۈيۈك سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسىدە تۆت مەشھۇر ھۆكۈمران، يەنى توغرۇلبەگ، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالىپ ئارسلان، نەۋرىسى مالىكشاھ ۋە ئەۋرىسى، يەنى سەلجۇقىيلەرنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سەنجەرلەر ئۆتكەن.

توغرۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالىپ ئارسلان يەنە تەسىر دائىرىسىنى غەربكە كېڭەيتىپ، ئىراق بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارىلىقىدىكى پايانسىز يەرلەرنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۆسۈپ، ۋىزانتىيىلىكلەرنى بېسىپ چۈشۈشكە باشلىدى. غەرب تارىخچىلىرى ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپ قېتىم دېگۈدەك كۆچمەن مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەنلىكى، ئەمما ئىسلامىيەت يەنە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۇلغىيىپ بىرنۋاتقانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن نەزەر سېلىشتى. توغرۇلبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆچمەن ئوغۇزلار ئوقۇمۇشلۇق بۇۋەيھىدىلەر ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىۋەتتى. «ھەممە نەرسە گويا خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما، دەل سەلجۇقىيلەرنىڭ خان- پادىشاھلىرى ئىسلامىيەتكە مىسلىسىز شان - شەرەپلەرنى كەلتۈردى. بۇ قىستۇرمىنى موڭغۇللار، تۆمۈرىيلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن ئوسمانلى تۈركلىرى، شۇنىڭدەك

مۇغۇللار كەينى - كەينىدىن تەكرارلاشتى»[1].

توغرۇلبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالىپ ئارسلان 1063—1073- يىللىرىغىچە سۇلتان بولدى. توغرۇلبەگ تەرىپىدىن ئەزىز رۇم (ئانادول) ئۆلكىسىگە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنىڭ ئوغلى قۇلتەمىشبەگ ئالىپ ئارسلان سۇلتان بولغان مەزگىلدە كۆچىيىپ 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولدى. قۇلتەمىشبەگ بۇ لەشكىرىي كۈچكە تايىنىپ، سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى تېھراننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، ئالىپ ئارسلان تەختكە چىقىپ بىرقانچە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئالىپ ئارسلان قۇلتەمىشبەگكە مەكتۇپ يوللاپ، بۇنداق ئىسيانىنىڭ دۆلەتكە ناھايىتى ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ئاسىيلىق يولىدىن قايتىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇلتەمىشبەگ ئالىپ ئارسلاننىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماستىن ئۇرۇش قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، تېھران شەھىرىنىڭ يېنىدىكى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى رۇسۇلبەگ، ئوغۇللىرى

---

[1] سەيىد فەييار مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىل نەشرى، 1- قىسىم 290- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇلايمانشاھ ۋە مەنسۇربەگلەر ئالىپ ئارسلانغا ئەسىرگە چۈشتى.

ئالىپ ئارسلان 1065- يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا پۇختا ئاساس سالدى. ئۇ، قىزى ئائىشە خاتۇننى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئىلىكخانى شەمسۇلمۇلۇككە بەردى، شەمسۇلمۇلۇكنىڭ سىڭلىسى تۈركەن خاتۇننى ئوغلى جالالىدىن مالىكشاھقا ئېلىپ بەردى. ئالىپ ئارسلان 1067- يىلى خارەزمنى ئىشغال قىلىپ، 1070 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئىلكىدىن مەككە - مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى ھەرەمنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ئاندىن سۈرىيىنى بويسۇندۇرۇپ، قىسقا مۇددەتلىك تەييارلىقتىن كېيىن، كىچىك ئاسىيادىكى خرىستىئانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

1071- يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى (ۋىزانتىيە) نىڭ ئىمپېراتورى دىككىنس رومانۇس باشچىلىقىدىكى ئۈستۈن لەشكىرىي كۈچكە ئىگە ۋىزانتىيە قوشۇنى بىلەن ئالىپ ئارسلان قوشۇنلىرى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىن 45 كىلومېتىر يىراق، دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مالازگىرىد قورغىنى يېنىدا ئۇچراشتى.

ئۇرۇشتا ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىنىپ، ئىمپېراتور دىككىنىس ئەسىرگە چۈشتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىمى تۆلەپ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى ھەمدە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سەلجۇقىيلەرگە خىراج تۆلەپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش تارىختا «مالازگىرىد ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

بۇ قېتىمقى شانلىق غەلىبىنىڭ ئەكس ساداسى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن سەلجۇقىيلەرنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى كېڭىيىپ، مۇسۇلمانلار كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلىششقا باشلىدى. ئالپ ئارسلاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سولايمان بىننى قېتلمىش 1077- يىلى بۇ يېڭى زېمىننىڭ ئاتا مىراس باش ۋالىيسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «رۇم دۆلەت سەلجۇقىيەسى» دېگەن نام بىلەن بۇ زېمىندا 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار 1084- يىلى ۋىزانتىيىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى ئەڭ باي شەھىرى بولغان ئىيكانى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى قۇنىيەگە ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنىڭ پايتەختى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇنىيە شەھىرى كىچىك ئاسىيا رايونىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالىپ ئارسلان پايتەختىنى پېرسىيىدىكى ئىسپاھانغا يۆتكىدى. ھەلەپنى ئىشغال قىلىپ، پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ قولىدىن مەككە بىلەن مەدىنىنى قايتۇرۇۋالغاندا، ئالىپ ئارسلاننىڭ تۇتۇشبەگ ئىسىملىك ئوغلى سۇرىيىگە باش ۋالىي بولغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ جايدا كىرمان دۆلەت سەلجۇقىيىسىنى قۇردى. بۇ دۆلەت ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى كۆپ قېتىم توسۇپ قالدى.

ئالىپ ئارسلاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىددىن مالىكشاھ سەلجۇق ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان بولدى. ئۇنىڭ نامى باغداد مەسچىتلىرىنىڭ خۇتبەلىرىدە زىكىر قىلىنىدىغان بولدى. ئۇ 1075- يىلى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە تەۋە كاۋكازىيىنى ئىشغال قىلىپ، ئىمپېرىيە دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى 15 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتتى. بۇ تېررىتورىيە ئىچىگە ئىران، ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستان، ماۋەرائۇننەھر، جەنۇبىي كاۋكازىيە، داغىستان، ئانادولۇ، ئىراق، سۇرىيە، پەلەستىن ھەم ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى قاتارلىقلار كىرگەن ئىدى.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن ئالغاندا، سەلجۇقىيلەر ئۆزى بويسۇندۇرغان ماۋەرائۇننەھر رايونى ۋە

خوراساندىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن تۈۋەن تۇراتتى. سەلجۇقىيلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلىق ئېغىر ئىدى، ھەتتا ئالىپ ئارسلان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جالالىددىن مالىكشاھمۇ ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭلاشقا، سەلجۇقىيلەر زېمىننى ئەلەم ئارقىلىق ئالغىنى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇشتا قەلەمگە تايانماي ئامال يوق ئىدى. بۇ ھال تاجىكلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى بىلىملىك ئەربابلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا زور رول ئوينىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. خوراسانلىق ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىسھاق (1019—1092) مانا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكەن سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئالىپ ئارسلان بىلەن جالالىددىن مالىكشاھنىڭ قول ئاستىدا 30 يىل (1063— 1092) ۋەزىر بولدى. ئۇ خانلىقنىڭ ئوردىلىرىدا، بولۇپمۇ جالالىددىن مالىكشاھنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، «نىزامىئۇلمۇلۇك» (دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

نىزامىئۇلمۇلۇك ئاتاقلىق سىياسىئون، بىلىملىك، دانىشمەن، تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. بۇ دەۋردە دۆلەت ناھايىتى قۇدرەت تاپقانلىقى ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىگىلىك ۋە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىي مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن يۈكسەلدى. نىزامىئۇلمۇلۈك ئالىي مەكتەپ ۋە مەدرىسە قۇرۇشنى ئاكتىپ قوللىدى. باغدادتا «نىزامىيە مەدرىسەسى»، ھەرقايسى جايلاردا كۆپلىگەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلۇپ، ئالىي مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. جايلاردىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئۆزىنىڭ ئاساس سالغۇچىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن «نىزامىيە» دېگەن نام بىلەن پۈتكۈل شەرققە مەشھۇر بولدى، نۇرغۇن ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئوتتۇرا شەرقتە ئىلىم - پەن چىرىغىنى يورۇتتى. ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە شائىرلار بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ۋە مەخسۇس پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. مەسىلەن، ئاتاقلىق ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى، شائىر ئۆمەر ھەييام (1040— 1123)، مەشھۇر سەيياھ ۋە ئەدىب ناسىر خۇسراۋ (1004—1088) لار[1] شۇلار

---

[1] ناسىر خۇسراۋ — ئابۇ مۇئىنددىن كەبادىيانى مەرۋىزى ئاتاقلىق پارس - تاجىك شائىرى ۋە پەيلاسوپى. ئۇنىڭ «سەپەرنامە»، «روشنائىنامە»، «سائادەتنامە»، «زادول مۇساپىرىن» (مۇساپىرلار ئوزۇقى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ، ئىسمائىلىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، مەھمۇد غەزنەۋىي تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغان.

جۇملىسىدىن ئىدى. ئۆمەر ھەييام ئىسپاھاندىكى ئاسمان جىسىملىرى تەتقىقات ئورنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن ھەم بىرقانچە يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى ئېنىق بولغان شەمسىيە كالېندارى ئىشلەپ چىققان.

مالىكشاھ دەۋرى سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىنقىرازغا يۈزلىنىشمۇ مۇشۇ دەۋردىن باشلانغان. بۇ دەۋردە ئىسمائىلى مەزھىپى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان، باتىل مەزھەب بولغان قەرمەتلەر، يەنە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن بىر تارمىقى بولغان ئاساسىنلەر (ھەششاشىلەر)[1] مەز-

---

[1] ئاساسىنلار — بۇ، ئىسمائىلىلەرنىڭ سۇيىقەست ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدىغان بىر تارمىقى بولۇپ، XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىراندا ئىسمائىلى ھەرىكىتىنىڭ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. بۇ گۇرۇھ يەنە ھەششاشىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى غەزنە شەھرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان ئەلەمۇت قەلئەسى بولۇپ، سۈرىيە، لىۋان، كېيىنچە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە كەڭ تارقالغان. ئۇلار ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، ئىنتايىن ئەسەبىي پىدائىيلارنى «ئۆلسە ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن ئاڭ بىلەن تەربىيىلەپ، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىنتايىن مەخپىي تېررورلۇق ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرغان. بەزى ھۆكۈمرانلار ئۆز جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا قەرەللىك ھالدا تۆلەم بېرىپ تۇرغان. 1256- يىلى ھۇلاكۇ قوشۇنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېيىنىڭ پوتكۇل ئىسلام دۇنياسىغا، بولۇپمۇ سەلجۇق ھۆكۈمرانلىرىغا قارىتا سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلىرى ئەۋج ئالغان. ئاساسىنلار (ھەششاشىلەر)غا ھەسەن ئىبنى سەبباھ (1124- يىلى ۋاپات بولغان) رەھبەرلىك قىلغان زامانلاردا، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن ئەۋج ئالغان.

ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئەسلىدە نىزامىئۇلمۇلۇك بىلەن ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، كاتتا ئالىم ئىدى. ئۇ، بىر مەزگىل نىزامىئۇلمۇلۇكنىڭ ياردىمى بىلەن مالىكشاھ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. لېكىن ئۇ، ئىنتايىن ھىيلىگەر، ئاچ كۆز ۋە ھوقۇقپەرەس بولغىنى ئۈچۈن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوردىدىن ھەيدەلگەن. ھەسەن ئىبنى سەبباھ بىر مەزگىل پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى بولغان، كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا ئەتراپىغا بىر قىسىم ئىسمائىلى مۇرىتلىرىنى توپلاپ، ئەلەمۇت قەلئەسىنى ھىيلە بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، پۈتكۇل ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ئىرانىنى ئىستىلا قىلغاندا، ئەلەمۇت قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ، ئىراقتىكى ئاساسىنلار ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلغان. سۈرىيە ۋە لىۋاندىكى ئاساسىنلار تەشكىلاتلىرىنى مىسىردىكى مەملۇكىلەر 1273- يىلى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتقان.

ئىسمائىلى ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىدى.
1092- يىل 10- ئايدا نىزامىئۇلمۇلك ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جالالىددىن مالىكشاھمۇ ئاشۇ تېرروروچىلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. جالالىددىن مالىكشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سەلجۇق خاندانلىقىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھەرقايسى سەركەردىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن دەتالاشلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەۋج ئالغان ئىسمائىلى تېرروروچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بۇ چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى.

جالالىددىن مالىكشاھنىڭ ئەسلىي بېكىتكەن ۋەلىئەھدى (تەخت ۋارىسى) ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەرقىيارۇق بولسىمۇ، لېكىن تۈركان خاتۇن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى كاتتا ئىمتىيازىغا تايىنىپ، بەش يېرىم ياشلىق ئوغلى مەھمۇدنى سۇلتان دەپ جاكارلاپ، مەسچىتلەردە ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. ئۇ ئىككى يېرىم ئايلا تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاكىسى بەرقىيارۇق تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى. بەرقىيارۇق 1093— 1104- يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ كاتتا ئىمپېرىيىگە ئەڭ ئاخىرقى سۇلتان بولغان روكنىددىن سەنجەر تەختتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئولتۇرغان 1118—1157- يىللاردا باتۇرانە كۆرەشلەر ئارقىلىق جايلاردىكى تەخت دەۋاگىرى قېرىنداشلىرىغا، غەزنەۋى خانلىقىغا، گور خانلىقىغا ھەم خارەزىم شاھلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ھەممە جەڭلەردە غەلىبە قازاندى. لېكىن ئۇ، ئىمپېرىيىنىڭ بۇرۇنقى شان - شۆھرىتىنى قايتا تىكلىيەلمىدى ھەم ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ساقلاپ قالالمىدى.

شۇ كۈنلەردە غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلىرى خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ، بۇ رايونلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇتاش مەھەللىرى بارلىققا كەلدى. شۇڭا، ئەرەب تارىخچىلىرى خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن تاكى جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى بىرتۇتاش تۇران (تۈركلەر ۋەتىنى) دەپ ئاتاشتى.

XII ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى بىر تائىپە كۆچمەنچى خەلق جوڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا شىددەت بىلەن بېسىپ كىردى. ئۇلار تارىختا قارا قىتان[1] دەپ ئاتىلاتتى. قارا قىتانلار چۇ دەرياسى ۋادىسىدا

---

[1] قارا قىتان — ئوتتۇرا ئەسىردە جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ماۋەرا- ئۇننەھرغىچە ھەرىكەت قىلغان تۈركىي تىللىق بىر قوۋمنىڭ نامى.

بىرئاز توختاپ، ئاندىن غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىيلەرنىڭ بۇ رايوندىكى كۆچلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 1137- يىلى ئۇلار خوجەندكە كېلىپ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مەھمۇد ئىلىكخان قوشۇنىنى تارمار قىلدى. مەھمۇد ئىلىكخان سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سۇلتان سەنجەر خارەزمشاھ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنلىرىغا ھېچقانداق ياردەم قىلالمىدى. لېكىن، مۇشۇ قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن قارا قىتانلارمۇ ئالغا يۈرۈش قىلماي چېكىندى.

1141- يىلى قارا قىتانلار يەنە ھۇجۇم باشلىدى. سۇلتان روكنىددىن سەنجەر غەربىي قاراخانىيلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قوشۇن باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەنت ئەتراپىغا كەلدى. شۇ يىل 9- ئاينىڭ 9- كۈنى قارا قىتانلار سۇلتان روكنىددىن سەنجەر بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا كاتىۋان تۈزلەڭلىكىدە (سەمەرقەنت ئەتراپىدا) قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەڭدە غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىيلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پۈتۈنلەي تارمار بولدى. جەڭدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. سۇلتان روكنىددىن سەنجەر ۋە غەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاراخانىيلار قوشۇنلىرى قايتا ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي مەرۋىگە چېكىنىدى. قارا قىتانلار توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ئۇلار غەلىبىدىن كېيىن، چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى پايتەخت بالاساغۇنغا قايتىپ كەتتى. ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراسان رايونىدىكى غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارغا ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا خىراج تۆلەپ تۇردى.

سەلجۇق ئىمپېرىيىسى قارا قىتانلار تەرىپىدىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ئەۋج ئالدى. نەتىجىدە ھەرقايسى جايلاردا مۇستەقىل بولۇۋالغان سەلجۇق ھۆكۈمرانلىرىدىن ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سەلجۇق ھاكىمىيىتى 1157- يىلى خارەزىم شاھلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. كىرمان دۆلەت سەلجۇقىيىسى (1141—1187) بولسا، چۆل تۈركمەنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. سۈرىيىدىكى سەلجۇق ھاكىمىيىتى (1094—1117) بورىيلار خانلىقى (1103— 1154)[1] بىلەن ئارتو-

---

[1] بورىيلار— سەلجۇق ئىمپېرىيىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، مۇستەقىل بولۇۋالغان سەركەردە توقتۇغىن تەرىپىدىن دەمەشقتە قۇرۇلغان.

قىيلار خانلىقى (1101—1225)[1] تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئىراق بىلەن كوردىستاندىكى سەلجۇقىيلەر ھاكىمىيتى (1117—1197) بولسا، بارغانچە قۇدرەت تېپىۋاتقان خارەزىم شاھلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمادىددىن زەڭگى ئىسىملىك سەلجۇق سەركەردىسى مىسوپوتامىيە بىلەن سۇرىيىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، 1154- يىلى بورىيلار خانلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، زەڭگىلەر سۇلالىسىنى قۇردى. ئىلدىگىز ئىسىملىك يەنە بىر سەلجۇق سەركەردىسى ئازاربەيجاندا قۇرغان خانلىق 1136—1225- يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئىلدىگىز دەۋرىدە بۇ خانلىق ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئىراقتىكى سەلجۇقىيلەرنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. باشقا سەركەردىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان پارستىكى سەلپارلەر

---

[1] ئارتوقىيلار— بۇ، ئارتوق ئىبنى ئەقرەپ ئىسىملىك سەركەردە تەرىپىدىن دىياربەكرىدە قۇرۇلغان. ئارتوقبەگنىڭ سوقمان ۋە ئىل غەۋرى دېگەن ئوغۇللىرى بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەلەستىندە قۇرۇلغان لاتىن كىنەزلىكلىرىگە كۆپ قېتىم زەربە بەرگەن. سوقمان كېيىنچە، ئەرمىنىيىدە ئۆز ئالدىغا قۇرغان خانلىق ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن 1225- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

پادىشاھلىقى 1148 — 1287 - يىللىرىغىچە، لورىستاندا قۇرۇلغان ھەزەر سەپىد پادىشاھلىقى 1148 — 1339 - يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كاتتا ئىمپېرىيىنىڭ چەت ياقىلىرىدا قۇرۇلغان نۇرغۇن يەرلىك ھاكىمىيەتلەر داۋاملىق ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردى. بىرقەدەر ئۇزاقراق مەۋجۇت بولۇپ، ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ، ئۇلار بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلغان رۇم دۆلەت سەلجۇقىيىسى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئاخىر ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئوسمانلى تۈركلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.



# ئۈچىنچى باب

## ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

### 1. مۇقەددەس جاينى تالىشىش

دۇنيادىكى بارلىق ئەھلى كۇتۇپ[1]، يەنى يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەلەستىندىكى يىرۇسالىم شەھىرى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. چۈنكى، بۇ ئورۇندا قەدىمكى پەيغەمبەرلەردىن تەۋەررۈك قالغان نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، يىرۇسالىم شەھىرى بەيتۇلمۇقەددەس (پاك ئۆي) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جايدا مەسجىدۇلئەقسا (يىراقتىكى مەسچىت)[2]، قۇببەتۇسسەخرا (قۇملۇقتىكى گۈمبەز) قاتارلىق ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەر

---

[1] ئەھلى كۇتۇپ — كىتاب ئەھلى، ئۆز دىنى كىتابىغا ئىگە خەلق دېگەنلىك.

[2] مەسجىدۇلئەقسا — بۇ، قەدىمكى مەسچىت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە ئاشۇ نامدا ئاتالغان. ئادەتتە «ئەقسا مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. VIII ئەسىردە «ئەقسا» نامىدا يەنە بىر مەسچىت بىنا قىلىنغان، لېكىن XX ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئەرەب - ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدا بۇ مەسچىت كۆيۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىيارەتگاھلار جايلاشقان ئىدى.

مەسجىدۇلئەقسا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەھۇدىي دىنىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ مۇقەددەستۇر. چۈنكى، ئۇ جاي مۇساۋى (مۇسا ئەلەيھىسسالام) دىنىدىكىلەر ۋە خرىستىئانلار ئۈچۈنمۇ قىبلە دەپ ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. دۇنيادىكى بارلىق خرىستىئانلار پەلەستىنىدىكى تارىخىي شەھەر ـــ يېرۇسالىمنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان جايى[1]، ئۇنىڭ مۇقەددەس قەبرىسى مۇشۇ يەردە، «ئىنجىل» مۇشۇ يەردە يېزىلغان[2] دەپ ئۇلۇغلايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۈۋى مەريەم ياش ۋاقتىدا مۇشۇ مەسچىتتە خادىم بولۇپ تۇرغانلىقى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بار. ئۇلار ئۈچۈن مۇقەددەس سانالغان يەنە نۇرغۇن زىيارەتگاھلار مۇشۇ ئورۇندا بولغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈم خرىستىئان زىيارەتچىلىرى ھەر يىلى يېرۇسالىمغا تاۋاپ ۋەزىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىشەتتى.

يەھۇدىيلارمۇ بۇ جاينى ناھايىتى ئۇلۇغ بىلەتتى.

---

[1] مۇسۇلمانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھايات ھالدا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

[2] «ئىنجىل» دەسلەپ ئىبرانى تىلىدا يېزىلغان، كېيىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

يەھۇدىيلار ئەسلىي «ئىبراي» دەپ ئاتىلىدىغان غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى XIII ئەسىردە ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرى «يەھۇدىي» دەپ ئاتالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ئۇلار پەلەستىندە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرغان ۋە يەھۇدىي دىنىنى تارقاتقان. كېيىنچە بۇ دۆلەت ئىسرائىل ۋە يەھۇدىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

مەسجىدۇلئەقسا ئىبرانىيلاردىن كېلىپ چىققان پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن يەتتە يىلدا پۈتكەن. ئۇ، 2900 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دىگەن خاتىرىلەر بار. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 973 — 933 - يىللار) دەۋرىدە ئىسرائىل بىلەن يەھۇدىيە دۆلەتلىرى بىرلىككە كەلتۈ-رۈلگەندىن كېيىن، يېرۇسالىم پايتەخت قىلىنىپ، شۇ يەردىكى زىيان (زىيۇن) تېغىغا ئوردا ۋە مەسجىدۇلئەقسا قۇرۇلغان. زىيۇن تېغى يەھۇدىي دىنىدا مۇقەددەس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تونۇلۇپ، بۇ ئاتالغۇ يەھۇدىيلارنىڭ بىرلىشىش سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ھازىرقى ياۋروپا تىلىدىكى «زىيونىزم» سۆزى يەھۇدىيلارنىڭ تىرىلمىچىلىكى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىسرائىل ۋە يەھۇدىيە دۆلەتلىرى قايتا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 718- يىلى ئىسرائىل پادىشاھلىقى ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى سەلمانسىر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. ئاھالىسى بولسا ئۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 606- يىلى جەنۇبتىكى يەھۇدىيە دۆلىتى ئاسسۇرىيلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يېڭى بابىلون دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بوختۇنەسسىر II تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، بارلىق يەھۇدىيلار ئەسىر قىلىنىپ بابىلونغا ئېلىپ كېتىلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 538- يىلى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۈيۈك شاھى كىروس بابىلونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بابىلوندا ئەسىر بولۇپ تۇرغان يەھۇدىيلارنى يەھۇدىي رايونىغا قايتىپ يېرۇسالىمدىكى ئىبادەتخانىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. يەھۇدىيلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىي دىنى ۋۇجۇدقا كېلىپ، بۇرۇنقى كۆپ خۇدالىق

دىنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئالەمدىكى بىردىنبىر خۇدا بولغان «يەھۋا»غا چوقۇنۇش ئومۇملاشقان. كېيىنچە، ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ بىر خۇدالىق ئەقىدىسى ئاساسىدا مۇشۇ زېمىندا خرىستىئان دىنى بارلىققا كەلگەن. مىلادىيەنىڭ 135- يىلى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئادرىئان نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، پەلەستىننى ئىستېلا قىلىپ يېرۇسالىم شەھىرىدە ناھايىتى دەھشەتلىك تۈردە قەتلىئام (ئومۇمىي قىرغىن) ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا بىر مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي ئاھالىسى قىرىپ تاشلانغان. ھايات قالغانلىرى پەلەستىندىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن①. شۇڭا، بۇلار ئۆچۈنمۇ يېرۇسالىمدىكى

---

① يەھۇدىيلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى غەربىي ئاسىيادىن غەربىي ياۋروپاغا، ئۇ يەردىن يەنە شەرقىي ياۋروپاغا يۆتكەلگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىغا كۆچكەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە ھۆكۈمرانلارنىڭ كەمسىتىش ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. بەزى دۆلەتلەر ئۇلارنى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايونلاردا تۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. بەزى دۆلەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ يەر ئىگىلەش، يەر تېرىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىششىنى مەنئى قىلغان. گىتلېر دەۋرىدىكى گېرمانىيىدە ئۇلار تېخىمۇ كەمسىتىلگەن. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە فاشىستلىرى قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، 6 مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىينى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ، شۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى



قەدىمىي زىيارەتگاھلار ناھايىتى ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. ھازىرقى يەھۇدىيلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىلگىچە مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتى تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان. چۈنكى، بۇ چاغدا مەككە شەھىرى تېخى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنمىغان، ئۇ يەردىكى مۇقەددەس جاي بولغان كەئبە (بەيتۇللا) تېخى بۇتخانا ھالىتىدە ئىدى. 624- يىلى مەككە شەھرىدىكى كەئبە توغرۇلۇق ۋەھيى كەلگەندىن كېيىن، كەئبە قىبلە قىلىنغان ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقسا مەسچىتىگە قاراپ ناماز ئوقۇشى بىردەك توختىتىلغان.

مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمنى «قۇددۇس شېرىپ» دەپ ئاتايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇددۇس شېرىپكە ئىسرا[1]

---

ياۋروپادىكى ئومۇمىي يەھۇدىيلارنىڭ 62%ىنى ئىگىلىگەن. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلار 15 مىليوندىن ئارتۇق، يەنى ئامېرىكىدا 6مىليون 60 مىڭ، ئىسرائىلىيىدە 3 مىليون 200 مىڭ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە 2 مىليون 600 مىڭدىن كۆپرەك.

[1] ئىسرا— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇددۇس شېرىپكە كېچىسى قىلغان زىيارىتى. ئىسلام رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، شۇ كېچىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ئات بۇراقنى ئېلىپ كەلگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇددۇس شېرىپكە باشلاپ بارغان.

قىلغان ۋە مېئراجغا[1] مۇشۇ جايدىن چىققان. مىلادىيە 640- يىلى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دەۋرى (634—644)دە، باش قوماندان ئەمر ئىبنى ئاس مىسىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىل 7- ئايدا يەنە بىر قوماندان زۇبەير ئىبنى ئاۋام قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، بابىلون شەھىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان. ئەمر ئىبنى ئاس بىر قىسىم قوشۇن ئاجرىتىپ، بابىلوننىڭ يېنىدىكى سىرۇس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. ھۇجۇم ئالدىدا، ئۇ ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ قىلغان. بۇ غەلىبىنىڭ تەسىرىدىن قورقۇپ كەتكەن بابىلون ۋە سىرۇستىكى باشلىقلار ئەلچىلەر ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، تەسلىم شەرتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. باش قوماندان ئەمر ئىبنى ئاس ئۇلارغا تارىختا مەشھۇر مۇنداق ئۈچ شەرتنى قويغان: «سىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشنى

---

[1] مېئراج (شوتا - يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈش)— ئىسلام رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەمەرىيە يىلىنىڭ 7- ئېيى، يەنى رەجەب ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇددۇس شىرىپكە بېرىپ، شۇ يەردىن بۇراققا مىنىپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا چىققان. شۇنىڭدىن بېرى رەجەب ئېيى مېئراج ئېيى دەپمۇ قارىلىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىدە ھازىرغىچە بايرام قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خالىساڭلار، سىلەرگە ۋە خەلقىڭلارغا ئۆز قېرىنداشلىرىمىز قاتارىدا قارايمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلىشنى خالىمىساڭلار، ھەرگىز زورلىمايمىز، بىزگە بويسۇنساڭلار ۋە خىراج تاپشۇرساڭلار بولىدۇ، سىلەر ھېچقانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايسىلەر، بىز سىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىمىز. ئەگەر بۇنىمۇ خالىمىساڭلار، ئۇنداقتا جەڭ قىلايلى، ئاللا ئۆزى ھۆكۈم قىلسۇن»[1].

بابىلون ۋە باشقا پەلەستىن تېررىتورىيىسى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مەسلەكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان يەھۇدىيلار بىر مەزگىل ئاسايىشلىق ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەزەلدىن بۇ جايدا ياشاپ كەلگەن باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خرىستىئانلارنىڭ بۇ جايغا كېلىپ، تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىپ كېتىشىگە ئەركىنلىك بېرىلدى. پوتكول خرىستىئان دۇنياسى تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىسلامدىن ئىبارەت يېڭى ئېتىقادنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچى بىلەن

---

[1] سەئىد فەييار مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1- قىسىم 79- بەت.

قوراللانغان پىداكار ئىسلام جەڭچىلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى.

بۇ توغرۇلۇق تارىخچى، ئالىم k·p ھىتتى «ئەرەب ئۇمۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا، ئەرەب تارىخچىسى ئابۇ ھەككام سىرۇس ئەلچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ يازغان تۆۋەندىكى سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن: «بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىر مىللەتنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىرسى ئۆلۈشكە رازىكى، ياشاشنى ئارزۇلاپ كەتمەيدۇ. كەمتەرلىك بىلەن ئۆلۈشكە رازىكى، دەۋران سۈرۈشنى خالىمايدۇ. بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار يەردە ئولتۇرۇپ، ئېكىشىپ تاماق يەيدۇ. رەھبەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا بولۇپ، مەرتىۋىسى يۇقىرىلار بىلەن مەرتىۋىسى تۆۋەنلەرنى، قۇل بىلەن خوجايىننى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. سىلەر بۇنداق مىللەت بىلەن ئۇرۇشالمايسىلەر!»[1]

مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قىزغىنلىقلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان يۇقىرىقى سۆزلەردە بىرئاز ئاشۇرۇۋېتىش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان

[1] سەيىد فەييار مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1- قىسىم 80 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى



دەسلەپكى تەسىراتلىرى ئەلۋەتتە چىنلىقتا ئىگە ئىدى. مۇسۇلمانلار نەگىلا بارسا، چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشكەن. يېڭى قىزغىنلىقتا ئىگە بۇ كىشىلەر ئۆزىدىكى جەڭگىۋارلىقنى بىرنەچچە ئەسىر ۋە بىر قانچە ئەۋلاد ساقلاپ كەلدى. ئۇمەييە سۇلالىسى ۋە ئەرەب ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 750— 940-يىللىغىچە بولغان دەسلەپكى دەۋرلىرىدە خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈرلۈك مەزھەپ - پىرقىلەرنىڭ كۆرۈشى، خەلق قوزغىلاڭلىرى، بولۇپ تۇردى. ئىسلام دىنى ئىچىدىكى مەزھەپ - پىرقىلەر ۋە تۈرلۈك ئۇقۇملارنىڭ تالاش - تارتىشى، ھەتتا ئۆزئارا كۆرەشلىرى ئەينى دەۋردىكى نورمال ئىجتىمائىي كۆرەش بولغانلىقتىن، ئانچە ئېغىر ئېلىنمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىغا قارشى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداق يول بىلەن مەيدانغا چىقىشى قەتئىي مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلەر خەلىپىلىكنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتەلمەيتتى.

XI ئەسىرنىڭ بېشىدا، شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ كۈچىيىشى، شىئە مەزھىپىدىكى پاتىمەلەر خەلىپىلىكى بىلەن سۈننىي مەزھىپىدىكى سەلجۇقىيلەر ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆپ قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلار مۇسۇلمانلارنىڭ سۈرىيە ۋە مىسىر ئەتراپىدىكى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ

قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قەرمەتلەر، ئىسماسىنلار (ھەششاشىلەر) ۋە ئىسمائىلى تېررورچىلىرى تۈرلۈك پاراكەندىچىلىكلەرنى سېلىپ تۇراتتى. X—XI ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى قەبىلىۋازلىق ھېسسىياتى قايتا قوزغىلىپ، ھەرقايسى جايلاردا قەبىلىۋازلىق ئەۋج ئېلىپ، قەبىلىنى ئاساس قىلغان بىرقانچە مۇستەقىل سۇلالىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن ئىراقتا ھەمەدانىلەر سۇلالىسى (929 — 1055)، ھەلەپتە مىرداسىلەر سۇلالىسى (1023—1097)، مۇسۇلدا ئۇقالىيلەر سۇلالىسى (996—1096)، ھىللادا مازيارلەر سۇلالىسى (1012— 1050) ۋە باشقىلار بار.

XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سەلجۇقىيلەر مالازگىردتا رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان ئىدى. كىچىك ئاسىيانىڭ سەلجۇقىيلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان قىسمىغا ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنىڭ ئوغلى قېتىلمىشبەگ ۋالىي قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەتراپتىكى رايونلارنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلىپ، بۇ زېمىندا رۇم دۆلەت سەلجۇقىيسىنى قۇردى. ئۇلار ئۇزلۇكسىز كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي رۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىمپېرىيىسىگە دائىم خەۋپ سېلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ئەللەرگە ۋە پەلەستىنگە سودا ئىشلىرى، تاۋاپ ھەم زىيارەتكە بارىدىغانلار ئاساسەن سەلجۇقىيلەر ئىشغال قىلغان مۇشۇ زېمىندىن ئۆتەتتى. سەلجۇقىيلەر ئۇلارنىڭ بۇ سەپەرلىرىگە تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلاتتى. غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يېرۇسالىمغا كەلگەن خرىستىئان زىيارەتچىلىرىنى بۇلاپ - تالاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى يۈز بەردى.

يۇقىرىقىدەك خەۋپ ۋە توسقۇنلۇقلارنى يوقىتىشتا ئۆزىنىڭلا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن شەرقىي رۇم ئىمپېراتورى ئالېكسۇس كوسنۇس پاپا گرېگورىيVII دىن ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. پاپا ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇنداق پۇرسەتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىلتىماسقا ئاساسەن ھەم شەرقىي رۇم تەۋەسىگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشكە، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا يول ئېچىلاتتى. پاپا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى بىلەن تېزدىن ئىتتىپاق تۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىچكى كۆلى بولۇپ

قالغىنىغا 300 يىلدىن ئاشقان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى تارتىۋېلىش ئىشتىھاسى بەزى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە قوزغىلىپ قالغان ئىدى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپادىكى گېنويە، پىسا ۋە ۋېنتسىيە قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرى ھەر جەھەتتىن كۈچلىنىپ، چەتكە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. پىسا خانلىقى ئالدىن قول سېلىپ ساردىنىيە ئارىلىنى مۇسۇلمانلاردىن تارتىۋالدى. ئىسپانىيىدىكى كاستىلىيە بىلەن ئاراگونىيە كاروللۇقلىرى ئىتتىپاق تۈزۈپ ۋە بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن بىر قىسىم يەرلەرنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان، مەرىپەتلىك ئىسپانىيە ئۇممەييە خەلىپىلىكى پارچىلىنىپ بىلىنسىيە، ئىشبىيە (سىۋىلىيە)، چەھن قاتارلىق بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلاردىن بىلىنسىيە بىلەن ئىشبىيە (سىۋىلىيە) تېز ئارىدىلا خرىستىئانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. چەھن ئەمىرلىكى گىرنادا شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، شۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن گىرنادا (غىرناتە) ئەمىرلىكى نامى بىلەن تاكى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈردى.

كاستىلىيە بىلەن ئاراگونىيە كاروللۇقلىرى ئىتتىپاق

تۇزۇپ ئىسپانىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلىشى ھەرقايسى خرىستىئان ئەللىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور مەنىۋى ئىلھام بولدى. پاپا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە نورماندىيە كېنەزلىكى ھەرىكەتكە كېلىپ، 1090 - يىلى سىتسىلىيە ئارىلىنى مۇسۇلمانلاردىن تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خرىستىيان ئەللىرىنىڭ سودا كېمىلىرى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەركىن قاتناشقا باشلىدى. 1081- يىلى گېنويە خانلىقى بىلەن پىسا خانلىقى بىر-لىشىپ پاتمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ كونتروللۇقىدىكى مەھدىيە پورتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. نەتىجىدە ئىسلام ئەللىرى غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ئىدى.

پاپا بىلەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى مەلۇم مەنپەئەت تۈپەيلىدىن ئىتتىپاق تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى گەرچە خرىستىئان دىنىدا بولسىمۇ، لېكىن پاپانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايتتى، رىم

پاپاسىنىڭ ھوقوقى شەرقىي رۇمغا يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پاپا «ئەگەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىتتىپاق نەتىجىگە ئېرىشىپ قالسا، پاپانىڭ ھوقوقى پۈتكۈل شەرقىي رۇم تەۋەسىدە جارى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇ، شەرقىي رۇم ئىمپېراتورىنىڭ ئىلتىماسىنى 1095- يىلى ئىتالىيىدىكى پىئان سىنزادا ئېچىلغان دىنىي يىغىندا مۇزاكىرىگە قويدى. يىغىندا بۇ مەسىلە نۇرغۇن مۇزاكىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە ھاسىل بولمىدى. دەل شۇ كۈنلەردە پاپا گرىگورىيVII ۋاپات بولۇپ، پاپالىق ھوقۇق ئوربانII گە تېگىشلىك بولدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا پاپانىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىل قىلىشى بىلەن فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كىلەرمون شەھرىدە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي يېتەكچىلىرى ۋە ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمدارلىرى ئىشتىراك قىلغان كاتتا دىنىي يىغىن (سوبۇر) چاقىرىلدى. يىغىندا يۇقىرىقى ئىلتىماس قايتا مۇزاكىرىگە قويۇلدى.

پاپا ئوربانII بۇ يىغىندا ناھايىتى تەسىرلىك ھەم تارىخىي خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئەسلىي فرانسىيىلىك بولۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ فرانسىيىلىكلەر ئىدى. پاپا يىغىن ئەھلىنى قۇترىتىپ، خرىستىئانلارنىڭ قولىدىن كەتكەن شانۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



شەۋكەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، چارلىز دەۋرىدە فرانسۇزلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان غەلىبىلىك جەڭلىرىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن خرىستىئانلارغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىرنى ئون قىلىپ كۆپتۈرۈپ، قۇتراتقۇلۇق تەلەپپۇزى بىلەن ئەگىيەن قىلدى. بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنى غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن قوزغىلىپ، بۇرۇنقى شانۇشاۋكەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، كەڭ ئەمگەكچى ئامما ۋە يانچى دېھقانلارنى بولسا مۇسۇلمانلارغا قارشى دىنىي ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىشىشكە قۇتراتتى...

پاپانىڭ ئېزىتقۇلۇق نۇتقى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى شېرىن ئارزۇلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قۇتراتقۇلۇق نۇتقى بۇ يەرگە توپلانغان كاروللار، كېنەزلەر، گراپلار، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، ھەر دەرىجىلىك مەرتىۋىدىكى روھانىيلار، ئاتلىق چەۋەندازلار، فرىنسلار[1]، ھەر خىل ئۇرۇشپەرەس گاڭگۇڭ ـ قۇلاق كەستىلەر ۋە كەڭ كەمبەغەللەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇنىڭدا، شۇ دەۋر ئۈچۈن مۇھىم بولغان نوقۇل ھەربىي تەۋەككۇلچىلىك ۋە

---

[1] فرىنسلار ـ فېئودالارنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئوغۇللىرى.

دىنىي ئەسەبىيلىكتىن باشقا، نۇرغۇن سەۋەبلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي سەۋەب ئەڭ تۈرتكىلىك رول ئوينايتتى.

غەربىي ياۋروپادىكى گېنويە، پىسا ۋە ۋېنتسىيە قاتارلىق باي دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى سودا - سېتىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار پاپانىڭ چاقىرىقىنى شەرق بىلەن بولغان سودا يوللىرىنى ئېچىپ، سودىنى مونوپول قىلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى پۇرسىتى دەپ تونۇدى. ئىسلام ئەللىرى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ شان - شۆھرىتى، خۇسۇسەن ئۆمەييە، ئابباسىيلار ۋە ئىسپانىيىدىكى ئۆمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە يارىتىلغان ئىقتىسادنىڭ شۆھرىتى نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ياۋروپالىقلارنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىسلام شەرقى بىر سىرلىق دۇنيا، گويا ھەممە يەردە بايلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان رومانتىك جاي بولۇش بىلەن بىرگە، يىراق شەرق بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك سودا يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خرىستىئانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان زىيارەتگاھلار ۋە چېركاۋلارمۇ ئاشۇ يەرلەردە ئىدى. بۇ دەۋردە كىچىك ئاسىيادىن ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق پەلەستىندىكى يىرۇسالىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەرەپكە ئۆتتۈش بەك خەتەرلىك ئىدى.

دېمەك، شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەتراپىدىكى ئىسلام ئەللىرىنى يوقىتىش خۇسۇسەن گېنويە، پىسا، ۋېنىتسىيە قاتارلىق ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان باي دۆلەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مەنپەئەتلىك ئىدى. ئۇ دۆلەتلەر پاپانىڭ تەشەببۇسىغا ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پائال ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## 2. ئەھلىسەلىپ ئالدىدا

پوتكول غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ھەر قاتلام ئاممىنى ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك ۋاستە ئۇلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتلىرىنى قوزغىتىش كېرەك ئىدى. چۈنكى، دىن ئىنسانلارنىڭ بارلىق سىنىپ ۋە قاتلاملىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ئومۇمىي ئېتىقاد بولغاچقا، دىنىي ئۆچمەنلىك قوزغىتىلسا، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئوبرازى ۋە غايە، ئېتىقادىنى قارىلاش ناھايىتى ئاسان بولاتتى. شۇڭا، پاپا بۇ قېتىمقى «مۇقەددەس ئۇرۇش»نى تەييارلاش ئۈچۈن، بۇ قورالدىن كەڭرى پايدىلاندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پاپا تەرىپىدىن «مۇقەددەس دىنىي ئۇرۇش» دەپ ئېلان قىلىندى.

دەل شۇ كۈنلەردە يېرۇسالىمغا زىيارەتكە بېرىپ قايتىپ كەلگەن غەربىي ياۋروپالىق پىيەرلەمىت ئىسىملىك بىر مۇناخ (دەرۋىش) زىيارەت جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى بېرنىي ئون قىلىپ كۆپتۈرۈپ، يىغلاپ - قاقشاپ تۇرۇپ پاپاغا شىكايەت قىلدى. بۇ دەۋردە يېرۇسالىم مىسىر پاتىمەلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولسىمۇ، لېكىن سۈرىيىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان زەڭگىلەر سۇلالىسىنىڭ تەسىرى بۇ يەردە كۈچلۈكرەك ئىدى. زەڭگىلەر سۇلالىسىنى قۇرغان ئوغۇز تۈركلىرى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ باشقا دىندىكى كىشىلەرگە قارىتا قوللانغان جۇمھۇرىيەت ئاساسىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە بۇ- لاڭچىلىقنى كەسىپ قىلغان بەزى كىشىلەر ياۋروپادىن زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەرنى بۇلاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. چۈنكى، بۇ زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى باي ۋە ئاقسۆڭەكلەر بولغىنى ئۈچۈن، زىيارەتكە كۆپ پۇل بىلەن بىرىشاتتى. بۇ ئەھۋال بۇلاڭچىلىققا ئادەتلەنگەن بەزى كىشىلەرنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋ ۋە بۇتلىرىنى ھەم مۇقەددەس جايلىرىنى ھاقارەت قىلىش، خورلاش ئىشلىرى كۆرۈلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇ، «قۇرئان كەرىم»دىكى «مۇشرىكلەرنىڭ خۇدانى قو-يۇپ (تۇرۇپ)، ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللانى تىللايدۇ...»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا خىلاپ ھەرىكەت ئىدى. مەلۇمكى، VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ پەلەستىننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش قو-ماندانى ئۆمەر ئىبنى ئاسقا يېرۇسالىمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان جايلارنى، چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارنى، تۇرلۇك تاۋاپ ۋە زىيارەتگاھلارنى قوغداشنى، خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئەرابلىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى، موناستىر ۋە يەھۇدىي ئىبادەتخانىلىرىدا پاناھلانغان خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تاپىلىغان، ئۇلار شۇنداق قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ھەر خىل دىن - مەزھەپتىكى كىشىلەر بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلماي بىرقانچە ئەسىرگىچە خاتىرجەم ياشاپ

[1] «قۇرئان كەرىم» 6- سۈرە (ئەنئام) 109- ئايەتنىڭ باش قىسمى.

كېلىشكەن ئىدى. لېكىن، بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن ئوغۇز تۈركلىرىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار خەلىپىلىك راشىدىن دەۋرىدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن يۇقىرىقى تۈزۈمگە رىئايە قىلمىدى. خۇددى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇتخانىنى يىقىتتۇق، بۇت ئۈستىگە چىچتۇق»[1] دېگەندەك ئىشلارمۇ يۈز بەردى.

پاپا مانا شۇنداق ئەھۋاللارنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەم مۇناخ پىيەرلەمىتنى پۈتكۈل ياۋروپا بويلاپ، يېرۇسالىم سەپىرىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ پاپادىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، يالاڭ باش ـ يالاڭ ئاياغ ھالدا قولىغا كرىست ئېلىپ، ئېشەككە مىنىپ، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى تازا غەلىيانغا كەلتۈردى. پاپانىڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلاپ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، خۇنۇكلەشتۈرگەن ھالدا ئوت قۇيرۇقلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ

---

[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىل نەشرى، I توم 448- بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



باردى. بۇ تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولدىكى، شۇ دەۋردىكى خرىستىئانلارنى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا قوزغىتىش رولىنى ئوينىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىمۇ ئۇزاق زامانغىچە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

ئىسلام ئەللىرىدىن نەپرەتلىنىش ۋە ئۇلارنى كەمسىتىش، قارىلاش، بۇرمىلاش ـــ ياۋروپا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ توغرۇلۇق ئامېرىكىلىق ئالىم كالۋېرلىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرسەك كۇپايە. «بۇ خىل سىياسىي ۋە ھەربىي مەقسەتنى قوللىغۇچىلارنى تېپىش ئۈچۈن، دىنىي تەشۋىقات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنغان قوشۇن تەييارلىنىپ، ھەربىي خىراجەت يېتەرلىك توپلىنىپ، ئەھلىسەلىپ غەربىي ئاسىياغا يېتىپ بارغاندا، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن، قوپاللىق ۋە ساختىپەزلىك دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى»[1].

---

[1] كالۋېرلى: «ئىسلام دىنى توغرىسىدا ـــ يېقىنقى شەرق مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى»، ئامېرىكا پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى 1951- يىل نەشرى («قىسقىچە ئىسلام تارىخى» 1- قىسىم 418- بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

پاپا كىلەرمون شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرغان يىغىنغا غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەر توپلانغان ئىدى. ئۇلار شەھەرگە پاتماي، شەھەر سىرتىدىكى دالا ۋە ئوتلاقلارغا نۇرغۇنلىغان ۋاقىتلىق چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇشتى. پاپا ئوربانII ئىتالىيىدىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قوغدىغۇچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ يىغىلىشقا قاتناشقانلار ئىچىدە ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدىن 14 نەپەر باش يېپىسكوپ، 200 دىن ئارتۇق يېپىسكوپ ۋە 400 دىن ئارتۇق موناستىر پوپلىرىدىن باشقا نۇرغۇن كېنەز، گراپ قاتارلىق فېئودال ئاقسۆڭەك قورۇق ئىگىلىرى، سوۋۋا-رىلەر، چەۋەندازلار، فرىنىسلار ۋە سانسىزلىغان ئۇرۇشخۇمار گاڭگۇڭ - قولاقكەستىلەر، ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر پۇقرا-لارمۇ بار ئىدى.

دىنىي يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى پاپا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەرگە بەخت تىلىدى. ئۇ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە ئالقىش ياغدۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، راۋان فرانسۇز تىلىدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارنىڭ باللىرى! سىلەرنى ھازىر ناھايىتى شەرەپلىك بىر ۋەزىپە كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ، پەرۋەردىگارمۇ كۆڭۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۆلىدىغان مۇھىم ئىش. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ھەرگىز تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، بىزنىڭ غەربتە يەردىن چىقىدىغان ھوسۇل ئاز بولغاچقا، سىلەر ئاران - ئاران كۈن كەچۈرۈۋاتىسىلەر. شەرقتىچۇ؟ ئاددىيسى گادايلارمۇ تويغىدەك يەپ - ئىچىپ، بەھۇزۇر كىيىنىپ يۈرۈشمەكتە. شەرق ئەللىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ھەسەل - شەربەت ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى يېرۇسالىم بولسا يەر شارىنىڭ مەركىزى. ئۇ يەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن مۇنبەت بولغان ئىككىنچى جەننەتتۇر. بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق يوقسۇل، كەمبەغەللەر يېرۇسالىمغا بارسا، باياشات ھەم شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ!...»

— يېرۇسالىمغا بارىمىز، يېرۇسالىمغا بارىمىز! — دەپ چۇقان سېلىشتى توپلانغان كىشىلەر ھاياجان بىلەن.

«بالىلىرىم! — پاپا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يېرۇسالىم پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس جايى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى. ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ ئاشۇ يەردە. ئەمما، ئۇ يەرنى ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئىگىلىۋېلىپ ئاياغ ئاستى قىلماقتا. ھازىر مەن سىلەردىن، ياق مەن ئەمەس، پەرۋەردىگار سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى مۇقەددەس جاينى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار، ئۇ ۋەھشىي ئىرقنى

يوقىتىڭلار!... »

— مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزىمىز! مۇقەددەس جاينى... — كىشىلەر تەلۋىلەرچە قالايمىقان توۋلاشتى.

« بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ چاقىرىقى، — دېدى پاپا كۆكسىدىكى كرېستنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ھەممە لەشكەرلەر، بايلار ۋە كەمبەغەللەر شەرققە بېرىپ مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇڭلار! يېرۇسالېم يىراق ئەمەس. پەرۋەردىگار يولىغا ماڭغانلاردىن يول ئۈستىدە ياكى جەڭدە ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ گۇناھى شۇ سائەتتە ساقىت بولىدۇ. پەرۋەردىگار گۇناھدىن ساقىت بولۇش ھوقۇقىنى سىلەرگە بەخشەندە قىلدى. ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەڭلار. دەرھال قايتىپ بېرىپ ئىش - كۈشۈڭلارنى تۈگىتىپ، يول راسخوتى ئۈچۈن پۇل - پۈچەك جۇغدۇۋېلىڭلار. زىمىستان قىش چىقىپ باھار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پەرۋەردىگارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەھرىمانلارچە سەپەرگە ئاتلىنىڭلار... »[1].

پاپانىڭ سۆزىچە بۇ مۇقەددەس سەپەرگە ئاتلانغانلارنىڭ ھاياتىدا ھازىرغىچە قىلغان بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىناتتى، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن قىلغۇسى

[1] « دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى »، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى، 2- قىسىم 241- ، 242- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گۇناھلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلمايتتى. تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەر، تۇرلۇك نازارەت ۋە تەقىب ئاستىدىكى باشقا كىشىلەر بۇ سەپەرگە بېرىشنى خالىسا، تۇرمىدىن ئازاد قىلىناتتى ۋە تەقىبتىن قۇتۇلاتتى. پاپا بارلىق پىدائىيلارغا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان گۇناھدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلىق ئىسپاتى ۋە كرېست بەلگىلىرىنى تارقىتىپ بەردى. كىشىلەر كرېستلەرنى كىيىملىرىگە تىكىۋېلىشتى، بەزىلەر ھەتتا بەدەنلىرىگە چېكىۋېلىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلار تارىختا «ئەھلىسەلىپ»، يەنى «كرېست بەلگىلىك قوشۇن» دەپ ئاتالدى.

پاپانىڭ چاقىرىقى غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە ناھايىتى تېز تارقىلىپ، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپالىقلار تەۋرەپ كەتتى. شۇ پەيتلەردە، غەربىي ياۋروپادا ئۇدا يەتتە يىل تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن بولۇپ، مەھسۇلات ئىنتايىن كەملەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ ئەمگەكچى خەلقلا ئەمەس، بەلكى باياشات تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەن. كەڭ يانچى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. نۇرغۇن فىرىنسلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەككە ئادەتلەنمىگەن، ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان ھەم شۇنىڭغا تايىنىپ ياشايدىغان كەسىپىي

چەۋەندازلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاۋات ۋە باي شەرق ئەللىرىگە بېرىپ، بۇ ئۇرۇش باھانىسىدە تازا باي بولۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك فېئودال، گراپ، گېرتسوگ ۋە باشقا قورۇق ئىگىلىرىمۇ بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئەمگەكچى خەلق بولسا، فېئوداللار ۋە غوجىدارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، باي شەرق ئەللىرىدە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئاھالىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھلىسەلىپ قوشۇنى غەربىي ياۋروپانىڭ جاي- جايلىرىدا ناھايىتى تېزلىكتە تەشكىللەندى. پاپا تەرىپىدىن «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش» نامىدا ئاتالغان ئۇرۇش «ئەھلىسەلىپ» دېگەن دىنىي نىقاب ئاستىدا 1096- يىلى رەسمىي باشلاندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## سەككىز قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ باش - ئاخىرى

### بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى (1096 — 1099)

بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى 1096- يىلى باهاردا يولغا چىقتى. بۇ قوشۇندا فرانسىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمى، گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىن توپلانغان نامرات دېهقانلار ۋە ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، قېرى - ياش ئەمگەكچى خەلق بار ئىدى. ئۇلار باي ۋە باياشات جايلارغا بېرىپ، يېگىندىن ئېگىلىك تىكلەپ پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ، جۇل - جۇل كىيىملەرنى كىيگەن، قورال - ياراغ ئورنىدا ئارا - گۈرجەك، كەكە، پالتا، ئورغاق، توقماقلارنى كۆتۈرۈشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى پىيادە بولۇپ، بەزىلىرى كالا ھارۋىلىرىغا ئۆي سايمانلىرى، قېرى - چۆرىلەر ھەم بالىلىرىنى بېسىپ، ئۇرۇشقا ئەمەس، گويا بىرەر ئورۇنغا

كۆچۈش سەپىرىگە ماڭغاندەك، دۇنيادىن بىغەم ھالدا ئاتلانغان ئىدى. سەپەرگە يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك غەملەپ ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يول بويى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئوزۇقلىنىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دائىم ۋېنگىر ھەم بۇلغارلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ قىرىلىپ ماڭدى.

بۇ قوشۇننىڭ باشلىقلىرى مەشھۇر ئوت قۇيرۇقى، قۇتراتقۇچى مۇناخ پىيەرلەمىت بىلەن فرانسىيە ئاتلىق چەۋەندازلىرىدىن زوگورت گوتىيە ئىدى. ئۇلار گېرمانىيە، ۋېنگرىيە ۋە رۇم ئېلىدىن ئۆتۈپ، كونستانتىنپولغا ئاران يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يول بويى كىشىلەرگە قىلمىغان زۇلۇم ۋە ياۋۇزلۇقلىرى قالمىدى، كۆپلىگەن يېزا-قىشلاقلارنى ياپىسىغا بۇلاپ-تالاپ قۇرۇقداپ قويدى. ئۇلارغا قارشىلىق قىلغان ياكى نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر قايسى دىن ۋە قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەپقەتسىزلىك بىلەن قەتلىئام قىلىندى.

بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەپەر كۆرمىگەن قېرى-چۈرىلەر، ئاياللار ۋە گۆدەك باللار بولغىنى ئۈچۈن، يول ئۈستىدە ئاچلىق، كېسەللىك ۋە ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپاسىدىن كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى. ئۇلار نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كونستانتىنپولغا يېتىپ كەلگەندە، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئالېكسېي ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەرگە كىرگىلى قويماي، كىچىك ئاسىيا تەرەپلەرگە ھەيدىدى. بۇ ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيادا سەلجۇقىيلەردىن قىلىچ ئارسلان ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئازنىق (نىكىيە) شەھىرى يېنىدا ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ بۇ ئالدىن يۈرەر قىسمىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى.

كەسپىي ھەربىي ۋە چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان ھەقىقىي ئەھلىسەلىپ قوشۇنى يۇقىرىقىلاردىن بىرقانچە ئاي كېيىن فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىن سەپەرگە ئاتلاندى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى فېئودال فوروق ئىگىلىرى، ئاتلىق چەۋەندازلار ۋە فىرىنسلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ فېئودال فوروق ئىگىلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا قورال كۆتۈرىدىغان، ئات باقىدىغان ۋە باشقا خىزمەتلەرنى قىلىدىغان نۇرغۇن چاكار ـ مالايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سېپى ناھايىتى ئۇزىراپ كەتكەن ئىدى. ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ نوپۇزلۇق ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەردىن ئىدى، يەنى ئىنگلىز كارولى پاتىخ كىلىيومنىڭ ئوغلى بولغان نورماندىيە كىنەزى روفەر، فرانسىيە كارولىنىڭ قېرىندىشى ھوك دىئۆورماندو، تارانت پادىشاھى بوھموند، تولوزا كىنەزى رايموند، بوئىلونلۇق گودفرۋا،

ئۇنىڭ ئىنىسى كورنىلىق بالدىۋىن ھەم پاپانىڭ ئەلچىسى ئازمارلىرى بار ئىدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بىرلەشمە قوماندانلىقىدىكى 150 مىڭ خرىستىيانلاردىن تەركىب تاپقان زور قوشۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1097 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىزانتىيىدە جەم بولدى. ئۇلارنىڭ تۇنجى نىشانى ۋىزانتىيە ئارقىلىق سەلجۇقىيلەرنىڭ زېمىنىغا بارىدىغان بىر يول ئېچىش ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە كىچىك ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان سەلجۇق ھۆكۈمرانلىرى ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. قىلىچ ئارسلان بىلەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ كىچىك ئاسىيانى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىستېلا قىلدى. ئاندىن ئۇلار ئارنىق (نىكىيە) شەھىرىنى قورشىۋېلىپ نۇرغۇن جەڭلەردىن كېيىن شەھەرنى ئىشغال قىلدى. پايتەخت قونىيەدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قىلىچ ئارسلان ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ چىقتى، ئاردا قاتتىق ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن قىلىچ ئارسلان قوشۇنلىرى ئاخىر يېڭىلدى. نەتىجىدە پايتەخت قونىيە شەھىرىمۇ قولدىن كېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋىزانتىيە (شەرقىي رۇم) ئىمپېرىيىسىگە قايتىدىن قوشۇۋېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تاغلىق رايونلار ئارقىلىق ئالغا قاراپ ماڭدى. بۇ، تازا تومۇز كۈنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تومۇزدىكى سەپەرنىڭ جاپاسى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ھەمدە سەلجۇقىيلەرنىڭ پات - پات قىلىپ تۇرغان كىچىك ھۇجۇملىرى، ئۇششۇمتۇت زەربىلىرى بىلەن نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كەتتى، ياكى ياربىدار ۋە مېيىپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئالتۇن - كۈمۈش ۋەسۋەسىسى بىلەن مەست بولغان بۇ قوشۇن ھېچ نەرسىگە قارىماي سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار نۇرغۇن جاپالار بىلەن 1097-يىل 10- ئايدا شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ئەنتاكىيە (ئانتوئوخىيە) شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. بۇ شەھەر ناھايىتى پۇختا سېپىل بىلەن قورشالغان، سېپىل ئۈستىدە تۆت ئات قاتار بولۇپ ماڭالىغۇدەك كەڭرى يول، سېپىلنىڭ 450 ئورنىدا كۆزىتىش راۋىقى بار ئىدى. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان ، مۇداپىئە قىلىشقا بەكمۇ ئەپلىك، لېكىن ھۇجۇم قىلىشقا بىئەپ ئىدى. شەھەرنى قوغدىغۇچىلار قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئۇرۇشى تاكتىكىسىدىن بىخەۋەر

ئەھلىسەلىپ قوماندانلىرى بىر ئايغىچە ھەپىلىشىپمۇ شەھەرنى ئىشغال قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ، ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىكتىن روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئاشۇنداق جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن يەتتە ئايدىن ئارتۇق ھەپىلەشتى، شەھەر مۇداپىئەچىلىرىدىن بىر نەپەر ئەرمەن ئوفىتسېرىنىڭ مەخپىي ھالدا ئەھلىسەلىپكە سېتىلىپ يول كۆرسىتىشى بىلەن 1098- يىل 8- ئايدا ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەھەرنى ئاخىر ئىشغال قىلدى. ئەمما، ئاردىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ شەھەرنى قورشىۋالدى. ئۇلار شەھەرگە دەرھال ھۇجۇم قىلماستىن، بەلكى قورشاپ تۇرۇپ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تامام تۈگەپ، پۈتۈنلەي ياردەمسىز قالغان پەيتتە، ئاندىن شەھەرنى ئىشغال قىلىشنى ئويلىدى.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، خىرىستىئان بولمىغانلارنى قىرىپ تاشلىدى. شەھەردە يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنى يەپ تۈگىتىپ، ئاچارچىلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ دەرەخ قوۋزاقلىرى، ئوت - گىياھلارنىڭ يىلتىزى، ئاخىردا ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنىمۇ يېيىشكە باشلىدى. بۇ ئازابقا چىدىمىغان بەزى كىشىلەر كېچىلىرى سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سىيرىلىپ چۈشۈپ، كىچىك كىمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئۆز يۇرتلىرىغا قېچىپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يىل ئاخىرىغىچە تىرىشىپ، شەھەرنى قورشىۋالغان تۈرك قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، ئاران دېگەندە يېرۇسالىمغا بارىدىغان يولنى ئاچالىدى. ئۇلار ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە، يەنى «مۇقەددەس جاي» يېرۇسالىمغا قاراپ ماڭدى. يول بويى نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، 1099-يىل 6-ئاينىڭ باشلىرىدا 40 مىڭدەك ئادىمى بىلەن يېرۇسالىمغا يېتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنى بىرقانچە قەۋەت ئوراپ مۇھاسىرە قىلدى.

يېرۇسالىم شەھىرىنى قوغداپ تۇرغان مۇداپىئەچىلەر پەقەت 1000 كىشى ئىدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى شەھەرنىڭ سېپىلىغا تەرەپ - تەرەپتىن شوتا قويۇپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. شەھەر مۇداپىئەچىلىرى شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشتى. لېكىن، بۇ شەھەردە ھەر خىل دىن ۋە تۈرلۈك مىللەت كىشىلىرى بولغانلىقى، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىنىڭ بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك سىرتتىن ھېچقانداق ياردەم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قانلىق جەڭلەردىن كېيىن، شۇ يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەھەرنى ئاخىر ئىشغال قىلدى. ئۇلار

شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىنىي ئۇرۇش قىلىمىز» دېگەن ساختا نىقابنى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلاپ، ھەقىقىي ياۋۇزلۇق، بۇلاڭچىلىق ئەپت ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەھەر ئاھالىسىنى ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال دېمەستىن، مىللەت ۋە دىن ئايرىماي، ئومۇميۈزلۈك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلاردا پاناھلانغان مۇسۇلمان ۋە يەھۇدىي ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارنى قانغا بويىدى. مەسجىدۇلئەقساغا كىرىپ پاناھلانغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، ئۆلۈكلەرنى مەسچىتنىڭ تورۇسلىرىغا ئاستى، ئاخىرىدا مەسچىتكە ئوت قويىۋەتتى. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا شەھەر بويىچە 70 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ۋە يەھۇدىي ئاھالىسى قىرىپ تاشلاندى. ئەھلىسەلىپچىلەر نارەسىدە باللارنى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. ئۇششاق باللارنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ تۈۋرۈكلەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. مال ـ مۈلۈكلەرنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالىدى. خوتۇن ـ قىزلارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلدى...

مۇشۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغىندىن كېيىن ئەھلىسەلىپ چەۋەندازۋە لەشكەرلىرى شەھەردىكى ئىگىسىز قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆيلەرگە كىرىپ بايلىق ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىم قايسى ئۆيگە بۇرۇن كىرگەن بولسا، شۇ ئۆيدىكى نەرسە ۋە بايلىقنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بولىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئەھدىنامە ئىمزالاندى. ئەھلىسەلىپچىلەر بايلىق ئىزدەشتە شۇنچىلىك ياۋۇز ۋاسىتىلەرنى قوللاندىكى، ئۆلۈكلەرنىڭ يانلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالغاندىن تاشقىرى، قورساقلىرىنى يېرىپ، ئاشقازان - ئۈچەيلىرىدىنمۇ بايلىق ئىزدىدى. بەزى كىشىلەر يۇتۇۋالغان ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدىن تېپىۋالغاندىن كېيىن، جەسەتلەرنى بىر - بىردىن يېرىپ قورساق ئىچىدىن بايلىق ئىزدەش ئاۋارىچىلىكىدىن قېچىپ، جەسەتلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن جەسەت كۈلى ئارىسىدىن ئالتۇن ۋە باشقا بايلىقلارنى تېپىشتى. دېمەك، ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش» شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بارغان دىنىي ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنى يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يېرۇسالېمنى مەركەز قىلغان غەربىي ياۋروپا لاتىن

ئۇسلۇبىدىكى بىر ھۆكۈمەت تەسىس قىلدى. بۇ ھۆكۈمەتكە ئەھلىسەلىپنىڭ سەركەردىلىرىدىن گودفرۋا كارول بولدى. بۇ ھۆكۈمەت ئورپا، ئەنتاكىيە (ئانتوئوخىيە) پادىشاھلىقى، ترابلس شەھەر كېنەزلىكى، سىدەر بەگلىكى، ياپە سىنور-لۇقى... قاتارلىق بىرقانچە كىچىك ھۆكۈمەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يىرۇسالىم مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كارولى گودفرۋاغا بويسۇناتتى. ئۇلار يېڭىدىن ئىشغال قىلغان بۇ جايلاردا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يەرلىك ئاھالىنى پۇتتونلەي يانچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. خىلمۇخىل سېلىق ۋە ئالۋان - ياساقلارنى سېلىپ، ئۇلارنى ئىقتىسا-دىي جەھەتتە ئىنتايىن ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1125-يىلىغا كەلگەندە، يەرلىك خەلق تۇشمۇتۇشتىن ئەھلىسەلىپ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەشلەرنى ئەۋج ئالدۇردى، شۇنداقلا مەۋسۇلدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئۇششاق بەگلىكلەر داۋاملىق ھالدا ئۇشتۇمتۇت قوراللىق ھۇجۇملارنى قىلىپ، ئۇلارنى ئارام تاپتۇرمىدى.

قاتمۇقات قارشىلىقلار ئىچىدە قالغان گودفرۋا پاپادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياردەم سوراپ ئارقا - ئارقىدىن غەربىي ياۋروپاغا خەت ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدىكى موسۇلنىڭ ھۆكۈمدارى ئىمادىددىن زەڭگى شۇ ئەتراپتىكى خرىستىئان كىنەزلىكلىرىگە بىرقانچە قېتىم كۈچلۈك زەربە بەردى. نەتىجىدە سۈرىيىدىن باغدادقا بارىدىغان سودا يولى ئوتتۇرىسىدىكى روھا شەھرى بىر ھەپتىلىك كەسكىن جەڭدىن كېيىن زەڭگىلەر قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. بۇ ئىش پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا بويىلاپ ناھايىتى چوڭ ۋەھىمە ۋە غەزەپ قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي ياۋروپا فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى پاپىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىدە قالغان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇشنى پىلانلىدى.

## ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى (1147 — 1149)

ئىمادىددىن زەڭگى ئەسلىي مالىكشاھنىڭ قۇلى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن موسۇلنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1127 - يىلى ھەلەپ بىلەن موسۇل مۇسۇلمان سەردارلىرىنىڭ سۈرىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ

قىلىشى ئارقىسىدا، ئىمادىددىن زەڭگى مۇشۇ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق سۈرىيە زەڭگىلەر سۇلالىسىنى قۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ھەلەپ، ھارران ۋە موسۇللارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. بۇ ئادەم ناھايىتى كۈچلۈك، ئىرادىلىك، قورقماس جەڭچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەتراپتىكى كىنەزلىكلەرگە زەربە بەرگەنلىكى ۋە روھا شەھرىنى تارتىۋالغانلىقى پۈتكۈل خرىستىئان دۇنياسىدا چوڭ تەسىر ۋە زىلزىلە پەيدا قىلدى.

بۇ خەۋەر پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا بويىچە كۈچلۈك ئالاقىدىلىك ۋە غەزەپ قوزغىدى، ھەممە يەردە مۇسۇلمانلارغا قارشى غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا يەنە بىر قېتىم «مۇقەددەس جاي» ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئەسەبىيلىكى ئۆرلىدى. رىم پاپاسى ئېۋگېنئوس (ئوژىن)II ئوتتۇرىغا چىقىپ كلايورۋكسلىق مۇناخ سان بېرنار دېگەنگە يەنە بىر قېتىم پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانى ئارىلاپ ئەھلىسەلىپ تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ئارىلاپ قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تەشۋىقاتىغا گېرمانىيە كارولى كونرادIII بىلەن فرانسىيە كارولى لوئىII ئاۋاز قوشتى. ئۇلار ناھايىتى تېزدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەشۋىقىي سەپەرۋەرلىك ئۇيۇشتۇرۇپ، تېز ئارىدا 250 مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي توپلاپ 1147- يىلى ئىككىنچى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش باشلىدى. ئۇلار كونىستانتىنپول ۋە ئاناتولى ئارقىلىق شامغا قاراپ يولغا چىقتى.

شام سەلجۇقىيلەر ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلدى. بۇ جەڭلەر نەتىجىسىدە ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى، بىر قىسمى ئاچلىق ۋە كېسەللىك دەستىدىن ۋاپات بولدى. ھايات قالغان بىر قىسمى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەردىن كېيىن يېرۇسالىمغا يېتىپ بېرىپ يېرۇسالىم كارولىدىن ياردەم ئېلىپ ئۆز سېپىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، قايتا شامغا يۈرۈش قىلىپ بۇ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا شام ھۆكۈمدارى ئىمادىددىن زەڭگى ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىددىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. نۇرىددىن ئۇلارغا قارشى چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپچىلەر ئىككى يىلدەك ھەپىلىشىپمۇ شەھەرنى ئىشغال قىلالماي، كۆپ قىسمى جەڭلەردە قىرىلىپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى. دېمەك، نۇرغۇن جاپا ۋە قان تۆكۈشلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئۇلارغا جاپا - مۇشەققەت ۋە

قىرغىنچىلىقتىن باشقا ھېچبىر نەتىجە بەرمىدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسسەلىپ ۋاقتىدا يىرۇسالىم پاتىمەلەر دۆلىتى ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردىكى ھۆكۈمرانلار ئىقتىدارسىز ھەم دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلىسسەلىپكە تاقابىل تۇرۇپ يىرۇسالىمنى ساقلاپ قالالمىغان ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسسەلىپ ۋاقتىدىكى پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمدارى ئازىدىن ئەھلىسسەلىپكە يالغۇز قارشى تۇرالمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، شام ھۆكۈمدارى نۇرىددىن زەڭگىدىن ياردەم سورىغان. نۇرىددىن ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە باتۇر قوماندانلىرىدىن ئەسەددىن (شىركوھ)نى باش قوماندان، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى سالاھىددىننى[1] مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ، پاتىمەلەر خەلىپىلىكىگە ياردەم ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن. ئۇلار پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئەھلىسسەلىپكە قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىدە كۆپ قەھرىمانلىقلارنى

---

[1] سالاھىددىن ئەسلىي سەلجۇق تۈركلىرىدىن بولۇپ، ئۇ 1138-يىلى تىگرىس دەرياسى بويىدىكى تىكرىتتا تۇغۇلغان. 1193-يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى قارا كېزىك كېسەللىكى بىلەن 55 يېشىدا دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر دەمەشق شەھىرىدىكى ئۈمەييە جامەسىنىڭ يېنىدا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىسقا مەزگىلدىن كېيىن شىركوھ باش ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلدى.

پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋارىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇلتانلىق شىركوھقا، باش ۋەزىرلىك تەبىئىي ھالدا سالاھىددىنغا قالدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن شىركوھ قازا قىلىپ، ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي سالاھىددىنغا قالدى. ئۇنىڭ دادىسى ئەييۇپ زەڭگىلەر سۇلالىسىنىڭ داڭلىق قوماندانلىرىدىن بولۇپ، بالبىك قەلئەسىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. سالاھىددىن پاتىمەلەر ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، زەڭگىلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دۆلەت نامىنى ئۆز نەسەبى ئاساسىدا «ئەييۇبىيە سۇلالىسى» دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ چىن ئېتىقادچىسى بولغانلىقتىن، پاتىمەلەر خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت مەزھىپى بولغان شىئە مەزھىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مەزھەپ ۋە ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىسىر بىلەن سۈرىيىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، زەڭگىلەر سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگە تەۋە قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىنىسى تۇران شاھ يەنە ھىجاز بىلەن يەمەننى ئىشغال قىلدى.

1175- يىلى 5- ئايدا سالاھىددىن ئابباسىيلار خە-لىپىسىدىن ئۆزىگە مىسىر، سۇرىيە، غەربىي ئەرەبىستان ۋە مەغرىب زېمىنىنىڭ سۇلتانى دېگەن ئۇنۋان بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ جايلارنى سالاھىددىن بۇرۇنلا ئىشغال قىلغان بولۇپ، خەلىپىنىڭ بۇ يەرلەرنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىدىغان ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىسىمۇ، بىراق سالاھىددىن ئىشنى مۇشۇ يول ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زاماندا يېڭىدىن تەختتە ئولتۇرغان ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلىپىدىن ئۇنۋان ئېلىشى ئومۇمىي ئادەت ئىدى.

سالاھىددىن «سۇلتان» دەپ ئاتىلىپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن، يەنە موسۇلنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئەتراپلاردا قۇرۇلغان ئۇششاق خرىستىئان كىنەزلىكلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قاراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سالاھىددىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خرىستىئانلار ئىشغالىيىتىدىكى تىبرىيە شەھرىگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن، 1187- يىل 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، خرىستىئانلار مەغلۇ-بىيىتىگە تەن بەرمەي، تېز ئارىدا نۇرغۇن قوشۇن تەييارلاپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سالاھىددىنغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. 7- ئاينىڭ 4-كۈنى ئىككى قوشۇن ھىتتىن دېگەن جايدا بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى، خرىستىئان قوشۇنىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئۇلار سالاھىددىنغا تېز زەربە بېرىش ئۈچۈن، تومۇزنىڭ ئىسسىقىغا قارىماي يول يۈرۈپ، سالاھىددىن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، قاغجىرىما ئىسسىقتا ھېرىپ ھالىدىن كېتىشكەن؛ سالاھىددىن بولسا بۇ يەردە لەشكەرلىرى بىلەن ياخشى دەم ئېلىپ كۈچ توپلاپ تۇرغان ئىدى.

خرىستىئانلار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئارام ئالدۇرماستىن، سالاھىددىن قوشۇنلىرى تۇشمۇتۇشتىن ئارسلانلاردەك شىددەت بىلەن ئەھلىسەلىپ سېپىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى تېز بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا يېرۇسالىمنىڭ كارولى — لوسگنانلىق گوئى ئەسىرگە چۈشتى. مەرد تەبىئەتلىك ھەم چەۋەندازلارچە خىسلەتكە ئىگە سالاھىددىن ئەسىرگە چۈشكەن بۇ دۈشمىنىگە كۈتۈلمىگەن ھالدا ئىنتايىن يۇقىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن رىگنالاد دېگەن خرىستىئان سەردارى كۆپ قېتىم ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، سودا كارۋانلىرى ۋە ھەجگە ماڭغانلارنى بۇلاپ، كۆپ پاراكەندىچىلىك سالغان ئىدى. سالاھىددىن ئۇنى

جازالاپ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈردى.

ھىتتىن دېگەن جايدىكى زور غەلىبىدىن كېيىن، سالاھىددىن يېرۇسالېمغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قىسقا جەڭلەردىن كېيىن بۇ شەھەرنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. ئۇ، پۈتكۈل شەھەردىكى ھەر خىل دىن ۋە ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىگە ئومۇمىي ئەپۇ ئېلان قىلدى. دېمەك، بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن دەل 100 يىل كېيىن يېرۇسالېم شەھىرى قايتىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن، سالاھىددىن توسالغۇسىز ئالغا يۈرۈش قىلىپ يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى باشقا جايلارنىمۇ ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن، خرىستىئانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يېرۇسالېم خانلىقى تامامەن بەربات بولدى. ئۇلارنىڭ قولىدا پەقەت ئانتىبوك، ترىپولى ۋە تىبرىيە شەھەرلىرىلا قالدى.

خرىستىئانلار بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئارقىلىق يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار قولىغا قايتا ئۆتۈپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ خەۋەر ياۋروپاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پاپا باشلىق ھەرقايسى ھۆكۈمرانلار خۇددى كۈتۈلمىگەن پەۋقۇلئاددە ھادىسە يۈز بەرگەندەك،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار رىم پاپاسى كىلمانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ سالاھىددىننىغا قارشى يېڭىدىن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئۇرۇش راسخوتى توپلاش ئۈچۈن، بارلىق ئۆي ـ جاي، دۇكان ـ ساراي، يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈك، ھەتتا چېركاۋ ۋە موناستىرلارغىمۇ سېلىق سېلىشتى. بۇ خىل سېلىقنى «سالاھىددىن سېلىقى» دەپ ئاتاشتى. بارلىق چېركاۋ ۋە موناستىرلاردا ھەر قېتىملىق ئىبادەتتىن كېيىن، سەپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىلەر يېڭى بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپكە قوزغىتىلدى، سالاھىددىننى قاغايدىغان دۇئايىبەتلەر ئوقۇلدى.

## ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى (1192 — 1189)

رىم پاپاسى كىلمانىنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسى بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ھۆكۈمرانلار ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن چوڭ تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يېرۇسالېمنى سالاھىددىندىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن 1189- يىلى يەنە بىر قېتىم ئەھلىسە-

لىپ يۈرۈشى باشلىندى.

بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق 13تىن ئارتۇق غەربىي ياۋروپا دۆلىتى قاتناشتى. بىرلەشمە قوشۇنغا گېرمانىيە كارولى فرىدرىخ، فرانسىيە كارولى فلىپ، ئەنگلىيە كارولى شىر يۈرەك رىچاردلار قوماندانلىق قىلدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنى قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز يولى بىلەن بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلدى. گېرمانىيە كارولى فرىدرىخ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن كونىستانتىنپول ئارقىلىق كىچىك ئاسىياغا قاراپ قۇرۇقلۇقتىن يۈرۈش قىلدى. فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە كاروللىرى قوماندانلىق قىلغان زور قوشۇن نۇرغۇنلىغان كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ دېڭىز ئارقىلىق يۈرۈش قىلدى.

فرىدرىخ يۈرۈش جەريانىدا كونىستانتىنپول ئارقىلىق كىچىك ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىدى. يول بويى ئۇلار سەلجۇق قوشۇنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز قىلىپ تۇرغان كۈچلۈك ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى، ئارىدا كۆپ قېتىم قانلىق جەڭلەر بولدى. فرىدرىخ قوشۇنىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق چەۋەندازلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇشۇ پارچە - پۇرات جەڭلەردە قىرىلىپ تۈگىدى. قالغان قىسمى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، ئاران تەستە ئادرىنا تەرەپلىرىگە بېرىپ يەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



لېكىن، سىدنوس بوغۇزىدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى. ھايات قالغانلارنىڭ بىر قىسمى ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى، ئاز بىر قىسمى سۈرىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئەنگلىيە كارولى رىچارد سىپروسنى ئىشغال قىلىپ يۈتكۈل قوشۇنى بىلەن قىشنى ئاشۇ يەردە ئۆتكۈزدى. كېيىن مەزكۇر ئارالنى يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى گۇيگە سېتىپ بۇ يەردىن قوزغالدى. فرانسىيە كارولى فىلىپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ يېرۇسالېمغا يېتىپ بېرىپ، گۇينىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن بىرلەشتى. سالاھىددىن يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا ئەسىرگە چۈشكەن گۇيگە ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ، ئىنتايىن مەردلىك بىلەن ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت قىلماسلىقنى ۋەدە ئېلىپ، ئۇنىڭغا پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. لېكىن، گۇي فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا، خورىكى ئۆرلەپ ئۆز ۋەدىسىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ قول ئاستىدىكى بارلىق قوشۇننى توپلاپ، گېرمانىيە كارولى فرىدرىخنىڭ سۈرىيىگە يۈرۈش قىلغان قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىگىلەپ تۇرغان ئاككانى كۆزلەپ يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ مەشھۇر پورت

شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سالاھىددىن چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، قورشاۋدا قالغان ئاككادىكى قوشۇنلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ياردەم قىلدى. بىراق، ئۇستۇن لەشكىرىي كۈچكە ئىگە ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەھەرگە قورۇقلۇق ھەم دېڭىزدىن ئىككى سەپ بويىچە ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. سالاھىددىن قوشۇنى شەھەر ئىچىدىكى قوشۇنلىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئەھلىسەلىپنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى.

ئىككى قوشۇن دەل تىركىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەنگلىيە كارولى رىچارد قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلگەچكە، ئەھلىسەلىپ تەرەپ كۈچلىنىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئىككى يىلغا سوزۇلۇپ كەتتى. چۈنكى، سالاھىددىننىڭ قوشۇنى سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئەھلىسەلىپنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى ۋە لەشكىرىي كۈچىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى پۇختا رازۋېدكا قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنلىرىنى رەتلەپ، ئۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم بولغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى بىلەن كەڭ سەپ تارتىپ قىزىق جەڭلەر قىلمىدى. چۈنكى، سانى ئىنتايىن كۆپ، يۇقىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لەشكىرىي كۈچكە ئىگە ئەلىسەلىپ بىلەن بۇنداق ئۇرۇش قىلىشتىن ھېچقانداق پايدا يوق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا، سالاھىددىن ئۆز قوشۇنىنى بىرقانچە ھەرىكەتچان كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈپ، ئەلىسەلىپچىلەرنىڭ كۈتمىگەن يەرلىرىدىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملارنى ئۇيۇشتۇردى. سالاھىددىننىڭ يېنىك قورال بىلەن قوراللىنىپ، ئۇچقۇر ئەرەب ئارغىماقلىرىغا مىنگەن جەڭچىلىرى ئۇشتۇمتۇت ۋە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئەلىسەلىپنىڭ سەپلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلار ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە ناھايىتى تېز ۋە تولۇق ئىنتىزام بىلەن كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ئەلىسەلىپ قوشۇنلىرى گەرچە شەھەرنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئۆزى شەھەرگە قاماپ قويدى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئىلگىرىلەشتىن قورقتى. چۈنكى، شەھەردىن چىققاندا سالاھىددىننىڭ مەخپىي تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. سالاھىددىن بولسا، ھېلى ئۇياندىن - ھېلى بۇياندىن بوراندەك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرىگە ئوت قويدى، زاپاس سۇلىرىنى تۆكۈپ تاشلىدى، قارارگاھلىرىنى پاراكەندە قىلدى. سالاھىددىن يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلىك تاكتىكا ئارقىلىق ئەلىسەلىپچىلەرنى دائىم دەككە - دۈككىگە

سىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇ، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئەھلىسەلىپچىلەرگە قىلچە ئارام بەرمەي، قەھرىمان جەڭچىلىرى بىلەن ئۇلارغا يولۋاستەك ھۇجۇم قىلاتتى. جەڭ توختىغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر ئەۋەتىپ خرىستىئان ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىلاتتى. ئۇلارغا شامدا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن مېۋە - چىۋىلەر ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئېسىل بۇيۇملاردىن ھەدىيىلەرنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. قىلىپ بىلەن رىجاردلار ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب ھەرىكىتىدىن ھەيران بولۇشقان ئىدى.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئاككا شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن 2700 نەپەر مۇسۇلمان جەڭچى ئۈچۈن 200 مىڭ تىللا تۆلىسە، ئۇلارنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان ئىدى. لېكىن، سالاھىددىن ئۇرۇش ۋاقتىدا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بەلگىلەنگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە كارولى رىجارد بۇ ئەسىرلەرنى پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىپ، شەھەرنى قانغا بويىدى. لېكىن، سالاھىددىن يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا قولغا چۈشكەن بىر قانچە مىڭ ئەھلىسەلىپ ئەسىرلىرىگە ئۇلار كۆتمىگەن ھالدا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ كېسەل ۋە يارىدارلىرىنى ئۆزى مەسئۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇپ ۋە دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇپ داۋالاتتى، تۇرمۇشىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. ئەسىرگە چۈشكەن ئەھلىسەلىپچىلەرنى يول راسخوتى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ قويۇپ بەردى. بىر قېتىم كارول رىچارد ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا، سالاھىددىن ئۆزىنىڭ شەخسىي تېۋىپىنى ئەۋەتىپ داۋالىتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

نەتىجىدە سالاھىددىن ئەييۇبى شۇ زامانىنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى ۋە سەركەردىسى بولۇپ تونۇلدى. ئاككا شەھىرى يەنىلا ئەھلىسەلىپچىلەر قولىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سالاھىددىننىڭ تولىمۇ قابىلىيەتلىك ۋە جەسۇر قوماندان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپچىلەر مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق تىنچ ھەل قىلىشنى ئويلىدى. كارول رىچارد ھەتتا ئۆز سىڭلىسى جوئاناني سالاھىددىننىڭ ئىنىسى مولىك كامىل سەيپىددىنگە ياتلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولىمۇ دوستانىلىك ئىپادىسىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ تويىدىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا 1192- يىل 5- ئاينىڭ 23 - كۈنى تەنتەنىلىك يىغىن ئېچىلىپ، سالاھىددىن ۋە كارول رىچاردلار تەرىپىدىن «شاھزادە» دېگەن نام بېرىلدى، ئاندىن ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان كېلىشىمگە

ئاساسەن ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن يىرۇسالىمغا بېرىپ زىيارەتگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئۇلارغا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى.

ئەھلىسەلىپنىڭ كاتتىۋاشلىرى يىرۇسالىمنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولۇشقان ھالدا ياۋروپاغا قايتىپ كېتىشتى. مۇشۇ ئىشتىن ئۈچ ئاي كېيىن سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى مالىك ئەپزەل ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھۆكۈمرانلىققا لايىق ئەمەس، قابىلىيەتسىز ئادەم بولغانلىقتىن، سالاھىددىننىڭ ئىنىسى مۇلىك ئادىل تەختنى ئىگىلەپ دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە قوشنا دۆلەتلەر، شۇنىڭدەك ئىتالىيىدىكى گىنويە ۋە ۋېنتسىيە قاتارلىق باي دۆلەتلەر بىلەن ياخشى مۇنا- سىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلدى. بىراق، مۇلىك ئادىل 1218-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسۇر جەڭچى سالاھىددىن ئەييۇبى قۇرغان بۇ ھاكىمىيەت ئۇزاق ئۆتمەي پارچىلىنىپ كەتتى.

سالاھىددىننىڭ ۋاپاتىدىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئەھلىسەلىپتىن قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىنغان نۇرغۇن جايلار ئۇنىڭ ئىقتىدارسىز ئەۋلاد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىرىنىڭ قولىدىن ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتا ئۆتۈپ كەتتى.

## تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
## ( 1202 — 1204 )

ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرى يېرۇسالىمنى مۇسۇلمانلاردىن تارتىۋېلىش ئۈمىدىنى ئۈزدى. چۈنكى، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، «ئەھلىسە-لىپ» دېگەن بۇ يوكسەك غايىۋى ئۇقۇم بۇرۇنقىدەك كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن قوللايدىغان دىنىي ئۇرۇش ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى خەلقئارالىق بىر سۇيىقەست ئۇقۇمىنى بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ياۋروپا فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ۋاقتىدا باتۇر سالاھىددىن ئەييۇبىدىن يېگەن دەككىنى تېخى ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئاخىر-لىشىپ دەل بىر ئەسىردىن كېيىن، غەربىي ياۋروپالىق ئۇرۇشقاق بۇلاڭچىلار ئەھلىسەلىپ نامىدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش باشلىدى. بۇ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى

ئۆتكەن قېتىمقىلاردىكىدەك « مۇقەددەس جاينى قۇتقۇ-
زۇش » دېگەن ساختا شوئار ئارقىلىق باشقا دىندىكىلەرگە
قارشى ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئۆزى بىلەن بىر
دىندىكى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ،
بۇلاڭچىلىق تەبىئىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

ئۆزىنى مۇقەددەس رىمنىڭ ئىمپېراتورى دەپ ئاتاپ
كەلگەن گېرمانىيە كارولى فرىدرىخ ئۈچىنچى قېتىملىق
ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ھېنرىيIV ستسىلىيە پادىشاھى
نورماننىڭ قىزىنى ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى فىلىپ
بولسا، ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان گېرمانىيە كارولى
ئىساكىنىڭ قىزىنى ئالغان ئىدى. بۇ ئاكا- ئۇكىلارنىڭ
ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا قوشۇن تۈپلاپ يۈرۈش قىلىپ،
ستسىلىيە بىلەن گرېتسىيىنى بۆلۈشىۋېلىش ئۈچۈن
ئالدىراش ھەرىكەت قىلىشتى. بۇ ئىش قارا نىيەت ھەم
ھىيلىگەر پاپا ئىننوكىنتIIIنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.
چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا،
پاپا بۇنىڭدىن كېيىن ئەھلىسەلىپكە رەھبەرلىك قىلىش
ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ، ئىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنى
يەنە بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا تەشەببۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلدى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ نىشانى ئاۋۋالقىدەك پەلەستىن بولماستىن، بەلكى مىسىر بولدى. پاپانىڭ بۇ ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىشىدىكى غەرىزى مۇشۇ ئارقىلىق لاتىن دىنىي جەمئىيىتى (كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى) بىلەن گرېك دىنىي جەمئىيىتى (پراۋۇسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتى) نى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى مەزھەپتىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا قاتناشماقچى بولغان ھەرقايسى ھۆكۈمدارلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا غەرىزى بار ئىدى. مەسىلەن، بۇ ئۇرۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇن مەبلەغ سالماقچى بولغان ۋېنتسىيە كېنەزى «مىسىر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بىزگە 85 مىڭ مارك ئۇرۇش چىقىمى ۋە ئۇرۇشتىن ئېلىنغان ئولجا- غەنىيمەتلەرنىڭ يېرىمى بېرىلسۇن» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلماقچى بولغان ھەرقايسى كارول ۋە كېنەزلەر بىر يەرگە يىغىلىپ نۇرغۇن كېڭەشكەن ۋە مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ۋېنتسىيىگە بېرىدىغان 85 مىڭ مارك ئۇرۇش چىقىمىنى ھېچقايسىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىدى. بۇلار بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كارول ھېنرىي VI

نىڭ ئىنىسى باشقا ھۆكۈمدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەھلىسەلىپنىڭ يۆنىلىشىنى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى تەرەپكە، يەنى كونىستانتىنىپولغا بۇرىدى. بۇ ئىشنى پاپا ئاڭلىسا، قارشى چىقىشى چوقۇم ئىدى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش ماجىراسى يۈز بېرىپ، ئىمپېراتور كىچىك ئالېكسېينى تاغىسى چوڭ ئالېكسېي ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. كىچىك ئالېكسېي تاجۇتەختنى قايتىدىن تارتىۋېلىش مەقسىتىدە، ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋەنىتسىيە شەھىرىگە كېلىپ، ئۆز غەرىزىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى ھەم تاجۇتەخت قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارغا 200 مىڭ مارك ۋە كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. مۇزاكىرىدە بېشى قېتىپ تۇرغان كاتتىۋاشلارغا بۇ گەپ ياغدەك خۇشياقتى، خۇسۇسەن ۋېنىتسىيە كېنەزى دىڭدىرونىڭ كۆڭلىگە بۇ تەكلىپ بەكمۇ ياقتى. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ چوڭ سودا رىقابەتچىسى بولغان شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بېرى غوم ساقلاپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشقا ئۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇرۇنقى مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەم باشقىلارنى بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىشقا قىزىقتۇرۇپ، ھە دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى قوزغىلىپ، دېڭىز ئارقىلىق كونستانتىنوپولغا قاراپ يولغا چىقىپ، 1202-يىل 5- ئايدا شەھەرنى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن بىرلا ۋاقىتتا قورشىۋالدى. شەرقىي رىمنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى مۇداپىئە ئىشلىرى چېچىلاڭغۇ بولغىنى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈنلۈك شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى بۇ قەدىمىي پايتەختنى ئىشغال قىلدى. ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن كىچىك ئالېكسىي ئۆز تەختىدە ئولتۇردى. لېكىن، ئىچكى ماجىرالار تۈپەيلىدىن دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ئالېكسىي دەسلەپ ۋەدە قىلغان 200 مىڭ مارك بىلەن كاتتا ئىنئاملارنى ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرالمىدى.
بۇ ئىشنى ئاساسلىق باھانە - سەۋەب قىلغان ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرى پۈتكۈل قوشۇننى بۇ قەدىمىي پايتەختنى بۇلاڭ - تالان قىلىشقا قويۇپ بەردى. قۇترىغان بۇلاڭچىلار ساختا نىقابىنى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزى بىلەن بىر دىندا بولغان كونستانتىنوپول ئاھالىسىنى دەھشەتلىك ھالدا بۇلاڭ - تالان ۋە قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئاھالىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى قۇرۇقداپ

بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بايلىق ۋە تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەر توپلانغان ئىمپېراتور سارىيىغا ئومۇميۈزلۈك بۇلاڭ-تالان يۈرگۈزدى. چېركاۋ، موناستىرلارغا توپلانغان بايلىق ۋە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇلاپ - تالىدى.

كرىست بەلگىسى تاقىۋالغان «دىنىي پىدائىيلار» تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئات - ئېشەكلىرىنى چېركاۋ ۋە موناستىرلارغا ھەيدەپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئېسىل قەدىمىي سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ توشۇدى. كۆتۈرگىلى بولمىغان نۇرغۇن نەپىس مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن كۆپلىگەن نەپىس بۇيۇملارنى كۆتۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن پارچىلاپ، ئېرىتىپ، ئاندىن ئۆزئارا بۆلۈشۈۋېلىشتى. ئۇلار مۇشۇ ھالدا شەھەرنى يەتتە كېچە - كۈندۈز بۇلاڭ - تالان قىلدى. بىرقانچە ئەسىردىن بېرى توپلىنىپ، ئەتىۋارلاپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كىتابلىرى بار كونىستانتىنپول كۇتۇپخانىسىغا ئوت قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىنى كۈل دۆۋىسىگە ئايلاندۇردى. تىنىچ ۋە بىگۇناھ شەھەر ئاھالىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتى. بۇ ھەيۋەتلىك قەدىمىي پايتەختكە ئوت قويۇپ، شەھەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى كۈلگە ئايلاندۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غەزەپلەنگەن شەھەر ئاھالىلىرى بۇ ياۋۇز قاراقچىلارنى كونىستانتىنپولغا تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كەلگەن كېچىك ئالېكسېينى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوترىغان ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرى شەرقىي رۇم ئىمپېراتورىنىڭ بارلىق خاندانىنى يىغىپ ئازنىق (نىكىيە) ۋە ترابزون شەھەرلىرىگە ھەيدىۋېتىپ، شەرقىي رۇم تېرىرىتورىيىسىدە غەربىي ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى لاتىن دۆلىتى تەشكىل قىلدى. ئەھلىسەلىپنىڭ خرىستىئان دۆلىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىغان، ھەتتا تەپسىلىي خەۋەر تاپقان رىم پاپاسى ئۇرۇش تۆپەيلىدىن ناھايىتى چوڭ پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، تېخىمۇ بېيىپ كەتكەن ۋېنىتسىيە كېنەزى دىڭدرونى بۇ قانلىق ئۇرۇشقا ئوت قويۇرۇقلۇق قىلغان گۇناھى ئۈچۈن، دىنىي جەمئىيەتتىن ھەيدەپ چىقىرالمىدى. ئەكسىچە، ئۇ شەرقىي رۇم تەۋەسىدە قۇرۇلغان لاتىن ئىمپېرىيىسىدىكى رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش يېپىسكوپى قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇلار شەرقىي رۇم دائىرىسىدە ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەرنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، يانچىلارغا ئايلاندۇردى.

بۇ خىل زورلۇق - زومبۇلۇقلاردىن تاقىتى تاق بولغان شەرقىي رۇمدىكى كەڭ ئەمگەكچى ئامما مەملىكەتنىڭ

ھەممە يېرىدە قورا للىق قوزغىلاڭلارنى ئەۋج ئالدۇردى. ئۆتكەندە ئەھلىسەلىپ تەرىپىدىن ھەيدەلگەن شەرقىي رۇم ئىمپېراتور خانىدانىدىن بولغان مىخائىل ئاناتولى تەرەپلەرگە چېكىنىپ كەتكەن قالدۇق قوشۇنلىرىنى توپلاپ ۋە تەشكىللەپ، خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ، كونىستانتىنپولغا ھۇجۇم قىلدى. ئەھلىسەلىپ تەرىپىدىن كونىستانتىنپولدا تەشكىل قىلىنغان لاتىن ھۆكۈمىتى چىرىك ئاساستا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بولغىنى ئۈچۈن، بۇنداق ئىچكى - تاشقى زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، تېزلا ئاغدۇرۇلدى.

شەرقىي رۇم لەشكەرلىرى ۋە خەلقى ئەھلىسەلىپ باسقۇنچىلىرىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىمپېرىيە ئەسلىگە كېلىپ، شەرقىي رۇمنى تاكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئىشغال قىلغانغا قەدەر ئاشۇ مىخائىل ئەۋلادى باشقۇرۇپ كەلدى.

## بەشىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ( 1221 — 1216 )

تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى جەريانىدا «ئەھلىسەلىپ» دېگەن نىقاب ئاستىدا يۈرۈش باشلىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قاراقچىلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسى راسا ئاشكارىلاندى. ئۇلار شەرقىي رۇمدىن شەرمەندىلەرچە چېكىنگەندىن كېيىن، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، پاپا ھونورۇسنىڭ باشچىلىقىدا يېڭى بىر ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تەشكىل قىلىشنى پىلانلىدى.

ئۇلار قانداقتۇر «نارەسىدە بالىلارنىڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھى ئازراق بولىدۇ، بالىلارنىڭ دۇئا ـ تەلەپلىرىنى پەرۋەردىگار تېز ئىجاۋەت قىلىدۇ» دېگەندەك ساختا تەشۋىقاتلارنى تارقاتتى. بۇنىڭغا ماسلىشىپ، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىلەردە خىلمۇخىل ئەۋلىيا ۋە بېشارەتچى بالىلار پەيدا بولۇپ، بارلىق بالىلارنى مۇقەددەس ئۇرۇشقا قوزغاشقا باشلىدى. پارىژ ئەتراپىدا ئەپتىيە ئىسىملىك بىر پادىچى بالا ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارىژدىكى ھەرقايسى چېركاۋ ۋە موناستىرلاردا تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، قانداقتۇر «پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكى»نى سۆزلەپ، تەكتۈشلىرىنى مۇقەددەس ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۆزى بىللە «ئېسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسى»نى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. ئەپتىيە يېزىمۇيېزا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بۇ «ئۇلۇغ، ساۋابلىق، مۇقەددەس جاي»غا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، سەپەر مەنزىلىنىڭ ئۇزاقلىقى، ئەمما بۇ ئىشقا ئۆزىنى پىدا قىلغانلارغا پەرۋەردىگارنىڭ

كارامىتى بىلەن دەريا ـ دېڭىز ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقى، سەپەرگە ئاتلانغان باللار تۇز يەردە ماڭغاندەك مېڭىپ كېتىدىغانلىقى، پەرۋەردىگار سەپەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىمەنە تەشۋىقاتلارنى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ يۈردى.

ئەپتىيە دېگەن باللىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى كىشىلەردە «ئاق كۆڭۈل، پاك، نارەسىدە باللار بەلكىم چوڭلار ئورۇندىيالمىغان بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن» دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلدى. پاپالارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۆت قېتىملىق «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش» ئۇرۇشى ئۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەرگە، بولۇپمۇ كەڭ كەمبەغەللەرگە بەخت ـ سائادەت ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى تېخى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمىغان ئىدى. لېكىن گۇناھسىز، پاك بۇ نارەسىدىلەر بەلكىم بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دېگەن ساددا خىيال بولۇپمۇ يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

ھېلىقى ئەپتىيە دېگەن بالا يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ، كىشىلەر ئارىسىغا «مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى» دەپ تەشۋىقات تارقىتىپ يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىچىك «ئەلچىلەر» باشقا ئەل - يۇرتلاردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇنداق ساختا سۆز - ھەرىكەتلەردىن قايمۇققان خۇراپىي ئىدىيىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز باللىرىنى ئىختىيارىي ھالدا «پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى»نىڭ قېشىغا بەس - بەستە ئەكېلىپ بېرىشتى. ئالدانغان نارەسىدىلەرنىڭ كۆپ قىسمى 12 ياشتىن تۆۋەن گۆدەكلەر ئىدى. ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ، ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتى، تۇغ ۋە كرېستلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، دۇئا - تىلاۋەت نەزمىلىرىنى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇپ، ئەپتىيەنىڭ قېشىغا كېلىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى «پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى» دەپ ئېلان قىلغان ئەپتىيە دېگەن بالا ئىسمى - جىسمىغا لايىق باللار ئەھلىسەلىپىنىڭ باش قوماندانى بولدى. ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ماڭسا، نۇرغۇن كانىۋايلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوغداپ ئاتلىق مېڭىشاتتى. ھەتتا چوڭ كىشىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا، بېشىدىن بۆكلىرىنى ئېلىپ تەزىم قىلىشاتتى. ئۇنىڭ قوشۇنىغا بارا - بارا چوڭلارمۇ قوشۇلۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سېپىگە دېھقانلار، شەھەر كەمبەغەللىرى، كەسپىي ئۇرۇشقاق لۈكچەكلەر، ئوغرى، قۇلاق كەستىلەر ۋە باشقا ھەر خىل بىكار تەلەپ قانۇنسىز تىجمەل كىشىلەر كېلىپ قوشۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشتى، لېكىن ھېچقانداق قوراللىرى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنىڭغا ھېچبىر پەرۋا قىلماي يۇرۇش باشلاپ فرانسىيىنىڭ نورۋە لئون ئوبلاستلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1217- يىلى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ بويىدىكى ئەڭ چوڭ پورت بولغان مارسىل شەھىرىگە توپلىنىپ، بۇ يەردىن دېڭىز ئارقىلىق سەپەرگە ئاتلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

بۇ ۋاقىتتا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەر پەرۋەر- دىگارنىڭ دېڭىزنى چېكىندۈرۈپ، باللار ئەھلىسەلىپكە يول ئېچىپ بەرگىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردىكى دېڭىز بويىغا توپلاندى. لېكىن، دېڭىز سۈيى يەنىلا بۇرۇنقىدەك شىددەت بىلەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ بۇژغۇنلىشىپ تۇرۇۋەردى، سۇ ئىككى تەرەپكە چېكىنىپ دېڭىز ئىچىدىن يولمۇ ئېچىلمىدى. كارامەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىپ، ئالدىراپ دېڭىزغا سەكرىگەن بەزى باللارنى دېڭىز سۈيى يۇتۇپ كەتتى. مۇشۇ پەيتتە پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان مارسىللىق بىر كېمە خوجايىنى يېتىپ كەلدى. ئۇ پىرېستاندىكى كىشىلەرگە قاراپ:

— پەرۋەردىگار ھازىرچە ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر قۇدرىتىنى تېخى بۇ باللار ئەھلىسەلىپكە كۆرسەتمىدى. ئۇ ۋاقىت تېخى يېتىپ كەلمىدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىسىرغا بېرىپ ئۇ يەردىكى يات دىنندىكىلەرنى بوسۇندۇرۇپ، مۇقەددەس جاينى قايتۇرۇپ ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى كېمىلىرىم بىلەن دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ياردەم قىلىمەن،__ دېدى.

باللار ئۇ سودىگەر ئېلىپ كەلگەن كېمىلەرگە چىقىپ ئورۇنلاشتى. كېمىلەر مارسىلدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي كۈچلۈك دېڭىز بورىنىغا دۇچ كەلدى. باللار ئولتۇرغان كېمىدىن ئىككىسى چېردىن دېگەن ئارالغا يېقىن جايدا سۇغا غەرق بولدى، بۇ ئىككى كېمىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدىكى بېلىقلارغا يەم بولدى. قالغان بەش كېمىدىكى باللار مىسىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاچ كۆز، قارا نىيەت كېمە خوجايىنى بۇ باللارنىڭ ھەممىسىنى قۇل بىدىكىلەرگە سېتىۋەتتى.

فرانسىيىدە قوزغالغان بۇ باللار ئەھلىسەلىپىنىڭ ئىلھامى بىلەن گېرمانىيىدىمۇ تەرەپ - تەرەپتىن 20 مىڭدەك بالا توپلىنىشىپ، 1217-يىل 8-ئايدا ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى گىنويەگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىن يۈرۈش قىلىپ رىمغا كەلگەندە، باللارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. قالغانلىرى ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، تاغ - داۋانلىق مۈشكۈل سەپەر جاپاسىدىن كۆپلىرى يولدا قىرىلىپ كەتتى. قالغان قىسمى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ بىرىن ئوبلاستىنىڭ

غەربىگە كەلگەندە، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئۇلار قول بىسىدىكلىرىنىڭ چەتكە ئاپىرىپ سېتىۋېتىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئالدانغان نارەسىدىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى پاپاغا ئاڭلانغاندا، ئۇ پىسەنتمۇ قىلماي قويمىدى، ئەكسىچە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەردىن ئۆلمەي، ئاران قايتىپ كەلگەن بالىلارغا: «چوڭ بولغاندا ۋەدەڭلارنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھلىسەلىپكە قاتنىشىڭلار» دېدى. بىراق، بۇ بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيىگە قايتىش سەپىرىدە يول ئازابى، سوغۇق ۋە ئاچلىق جاپاسىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

پاپا ئىننوكىنت III يەنە بىر قېتىم ئەھلىسەلىپ تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، چوڭ يىغىن ئۇيۇشتۇردى. ناھايىتى باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بۇ بايۋەتچە پاپا تەختتە ئولتۇرۇپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئومۇمىي ئىلان تارقىتىپ، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنى تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىگە ئۇيۇشتۇرغان ۋاقىتتا، ۋېنتسىيە كېنەزى دېگىدىرو ئەھلىسەلىپ قوماندانلىرىنى ئازدۇرۇپ، يولنى ئۆزگەرتتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن بىر دىندىكى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقانلىقتىن، بۇ ئۇرۇش غەلىبە قازىنالمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ پاپانىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە، دانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ كاروللىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھلىسەلىپ تەشكىل قىلىش نىيىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەشھۇر ۋە ئابرۇيلۇق ئەربابلىرىنى رىمغا تەكلىپ قىلىپ، كاتتا دىنىي يىغىن ئۆيۈشتۇردى. يىغىنغا ھەرقايسى ئەللەردىن 1500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي روھانىيلار، يەنى باش يېپىسكوپلار 400دىن ئارتۇق ئىدى. شۇنىڭدەك پادىشاھ ۋە كاروللارنىڭ مەخسۇس ۋەكىللىرى، كېنەز، گراپ، گېرتسوگ، ماركىز قاتارلىق ھوقۇقدار ئەربابلارمۇ نۇرغۇن ئىدى. بۇ يىغىننىڭ كۆلىمى شۇنداق كاتتا ۋە داغدۇغىلىق بولدىكى، بۇنىڭدىن 120 يىل بۇرۇن پاپا ئوربان II تەرىپىدىن تۇنجى قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن فرانسىيىنىڭ كىلېرمون شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق كاتتا دىنىي يىغىندىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

پاپا ئىننوكېنت III ئىنتايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا يىغىن مۇنبىرىگە چىقىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىغا قارىتىلغان تەسىرلىك يارلىقنى جاراڭلىق ئاۋازدا تەمكىنلىك بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى.

«بالىلىرىم، مەن كەڭ ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ مۇقەددەس جاينى دەيۋزلەرنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ قارارىغا ئاساسەن شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى، دېڭىزدىن ئۆتۈش ھازىرلىقى پۈتكەن ئەھلىسەلىپچىلەر 1217- يىلى 1- ئىيۇندا ستسىلىيە كېنەزلىكىگە توپلىنىدۇ. پەرۋەردىگار نېسىپ قىلسا، شۇ چاغدا مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ قوشۇنىغا كۆرسەتمە بېرىمەن ۋە تىلەك تىلەيمەن...»

ھەيۋەتلىك يىغىن زالى تىمتاس ئىدى. پاپا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى.

«يات دىندىكىلەرگە قورال - ياراغ ياسايدىغان تۆمۈر ياكى كېمە ياسايدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يۆتكەپ بەرگۈچىلەر دەرھال مۇرتەد قىلىنىدۇ. ئۇرۇش كېمىلىرىنى يات دىندىكىلەرگە سېتىپ بەرگەن ياكى ئۇلارغا ھەمكارلىشىمەن دەپ مۇقەددەس ئۇرۇشىمىزغا زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى بولسا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى پاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلغۇچىلارغا قول قىلىپ بېرىلىدۇ. مەن بۇيرۇق قىلىمەنكى، دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەردىكى چېركاۋلار ھەر يەكشەنبە كۈنى ياكى باشقا بايرام كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئوقۇپ، جاكارلاپ تۇرۇشى لازىم. مەن يەنە شۇنى بۇيرۇيمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى غازاتقا تۆت يىل ئىچىدە بارلىق ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ قاتناش قورالى ھازىرلىشىمىز ئۈچۈن، كېمىگە ئولتۇرۇپ يات دىنىدىكىلەر ئىگىلەپ ياتقان شەرققە بېرىش ياكى باشقىلارنى كېمە بىلەن ئەۋەتىش مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار دىنىي جەمئىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ»[1].

پاپانىڭ تەشۋىقات ۋە چاقىرىقلىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار ئاۋۋالقى يۈرۈشلەرگە قاتناشقۇچىلاردىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاز ئىدى. ئاساسەن جەنۇبىي گېرمانىيىدىكى بىر قانچە كىنەز ۋە گىرتسوگلار، ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيە ھەم گوللاندىيە قاتارلىق كىنەزلىكلەر قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەرلىككە

---

[1] «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» 2- قىسىم 274- بەت.

كەلتۈردى. مۇشۇ يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاز كۈندىن كېيىن پاپا ئىننوكىنىستIII ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن سەپەر تەييارلىقى ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، 1217- يىلى يازدا ئۇلار سەپەرگە ئاتلاندى.

بۇ قېتىمقى سەپەرگە ۋېنگرىيە كارولى ئاندىرىي بىلەن ئۆزىنى « يېرۇسالىم كارولى » دەپ ئاتىۋالغان ژان قاتار-لىقلار قوماندانلىق قىلدى. ئەھلىسەلىپچىلەر يۈرۈش باشلىغاندىن كېيىن، ۋېنگرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش، تەخت تالىشىش ماجىراسى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كارول ئاندىرىي يۈرۈشنى توختىتىپ، قوشۇنلىرى بىلەن ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتتى. ژان بولسا ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ مىسىرغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا مىسىردىكى دىمىيات (دامئاتار) شەھىرىنى ئەگ ئاۋۋال مۇھاسىرە قىلدى. مۇستەھكەم قورغانلىق بۇ شەھەر ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىل دەرياسىنىڭ دېلتىسىدىكى تارماق ئېقىنغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن مىسىرغا كىرىدىغان بوغۇز ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ قاتار سېپىلى ۋە نىل دەريا-سىدىكى كىچىك ئاراللارغا قۇرۇلغان مۇستەھكەم ئىستېھكاملىرى بار، ئىستېھكاملار كۆۋرۈكلەر ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەرگە تۇتىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ يولى ئار-قىلىق دىميات شەھىرىگە كىرىشكە ئۇرۇنغان ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان نۇرغۇنلىغان سىم توساقلار بار ئىدى.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى دەسلەپ كېمىلىرىنى سۇ ئارقىلىق سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەر-تىپ، كېمە ئۈستىگە ئېگىز شوتىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئىستىھكاملارنى ئىشغال قىلىۋالدى. بىراق، تېز ئارىدا تومۇز كۈنلىرى باشلىنىپ نىل دەرياسىدا كەلكۈن پەيدا بولدى ۋە ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئىچىدە ۋابا كېسەللىكى تارقالدى، ئۇلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇربى يەتمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىرقانچە ئاي ئۆزئارا تىركىشىپ، ھېچقايسى تەرەپ يېڭەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىي پىدائىيلار ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. دىميات شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئاۋستىرىيە كىنەزى قاتارلىق بىرقانچە كاتتىۋاشلار ھېچ نەرسىگە قارىماي ياۋروپاغا قايتىپ كېتىشتى. باشقا ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە ئۇنىمىدى. ئاخىر مىسىر سۇلتانى ئەھلىسەلىپ باشلىقلىرىغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرنى پاپانىڭ ۋەكىلى، ئەھلىسەلىپنىڭ باش قوماندانى، قىزىل تونلۇق يېپىسكوپ پىراگ قوبۇل

قىلدى.

— يېپىسكوپ جانابلىرى، — دەپ گەپ باشلىدى مىسىر ئەلچىسى،— مەن ئەزىز سۇلتانىمىزنىڭ پەرمانىغا بىنائەن دىمياتنىڭ تىنچلىقى توغرۇلۇق ھەربىرلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

— دىميات شەھىرى ئەتىلا مۇقەددەس قوشۇنىمىزنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ. ھەرقايسىڭ تېخىچە ھازىرمۇ ئۇنىڭ تىنچلىقىنى تىلەپ ئۇلتۇرۇشامسەن؟!— دېدى يېپىسكوپ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— تەقسىر، پۇقرالارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن، تىنچلىق ھەققىدە كېڭەشمەك ۋاجىپتۇر. ئەزىز دىنىڭلارنىڭ ئەقىدىسىدە پۇقراغا رەھىم قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن ئەمەسمۇ؟

— ھىم،— يېپىسكوپ دىمىغىنى قاقتى،— پەرۋەردىگار يات دىندىكىلەرنى جازالاشنى قوۋۋەتلەيدۇ.

— بىراق، سىلەر دىميات شەھىرىنى بىر يىل مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدىڭلارغۇ؟...

— سىلەر قانداق بەدەل تۆلەپ، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى؟ — دەپ سورىدى يېپىسكوپ ئەلچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا تەكەببۇرلۇق بىلەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



—— ئەگەر قوشۇنىڭلار مىسىردىن پۈتۈنلەي چېقىپ كەتسە، ئەزىز سۇلتانىمىز يېرۇسالىم خانلىقىنى سىلەرگە تاپشۇرماقچى. يېرۇسالىمنىڭ سابىق كارولى بۇنىڭدىن 13 يىل مۇقەددەم مۇشەررەپ بولغان دىنىڭىزلارنىڭ قىممەت باھالىق مۇقەددەس مىراسلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، قوشۇنىڭلارغا پۇل- دۇنيا ئىنئام قىلىدۇ.

ئەلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يېپىسكوپىنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئەلچى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر ھەقىقەتەن خېلىلا پايدىلىق ئىدى. ئەمما، ئاچ كۆزلۈك پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ يېپىسكوپىنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى يالغۇزلا قىممەت باھالىق مىراس ۋە ھېلىقى پۇل - دۇنيا ئەمەس، ھەتتا مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالىممۇ ئۇنىڭغا ئازلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مىسىرنى قورال كۈچى بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسە ئۇندۇرۇۋالماقچى ئىدى.

—— پەرۋەردىگارغا ھاجەت بولغىنى پۈتكۈل شەرق،—— دېدى ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ،—— ئەگەر سۇلتانىڭلار پۈتكۈل مىسىرنى پەرۋەردىگارغا تۇتسا ھەم ئۆزى خرىستىئان دىنىغا كىرسە، ئاندىن بىز ئۇنىڭغا تىنچلىق ئاتا قىلىمىز[1] .

---

[1] «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» 2- قىسىم 276-، 277- بەتلەر.

بۇنداق سىۋھبەت ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. 1219- يىلى دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى دىمىيات شەھىرىنى ئاخىر ئىشغال قىلىپ، بىرقانچە يۈزمىڭ مارك قىممىتىدىكى بايلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىسەنگىرەپ كەتكەن ئەھلىسەلىپ كاتتىۋاشلىرى دىمىيات شەھىرىگە ياۋروپادىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ، 1221- يىل ئىيۇندا مىسىر پايتەختى قاھىرە شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. مىسىر سۇلتانى قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەھلىسەلىپ قوماندانلىرىغا ئۆتكەنكى شەرتلەرنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەكلىپى رەت قىلىندى. ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى قاھىرەگە كىرىدىغان يولدىكى مۇھىم ھەربىي بازا بولغان ئەل مەنسۇرغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ تاللىغان ھۇجۇم باشلاش ۋاقتى دەل نىل دەرياسىنىڭ تاشقىن بولىدىغان پەسىلىگە توغرا كېلەتتى.

7- ئاينىڭ باشلىرىدا نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تروپىك يامغۇرى شىددەت بىلەن يېغىشقا باشلىدى. بۇ يامغۇردىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك قىيان ھەرقايسى جىلغىلاردىن گۈركىرەپ ئېتىلىپ چىقىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقتى. ئەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنسۇر شەھىرى ناھايىتى تېزلا چوڭ سۇ ئامبىرى ھالىتىگە كېلىپ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنىڭ چېدىر - بارگاھلىرى توپان بالاسى ئاستىدا قالدى. بۇنداق كەلكۈن پەيتىدىن ئالدىن خەۋىرى بار مىسىر قوشۇنلىرى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ قايتىش يولىنى توسۇۋالدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى دىمىيات شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بازىسىغا قايتىش سەپىرىدە مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇملىرى بىلەن يېرىمىدىن كۆپرەكى قىرىلىپ كەتتى.

بۇ قېتىملىق قانلىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەھلىسە-لىپ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى يېپىسكوپ پراگ سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مىسىرلىقلارنىڭ ھاقارەتلىك ئېغىر شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىش نۆۋىتى ئەمدى ئۇلارنىڭغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخى ئىشغال قىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان دىمىيات شەھىرىدىن ئاخىر چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1221- يىل ئاخىرىدا ئەھلىسە-لىپ قوشۇنى مىسىردىن شەرمەندىلەرچە چېكىنىپ غەربىي ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى. مەرھۇم پاپا ئىننوكىنتىIII ئۆزى داغدۇغا بىلەن قوزغىغان بەشىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق مەسخىرىلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

# ئالتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى
# (1228 — 1229)

بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ھەقىقىي دىنىي تۈس ئالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا پاپا تەشەببۇسچى بولدى. يىراققا قىلىنىدىغان بۇ يۈرۈشكە گېرمانىيە كارولى ھېنرىيVI نىڭ ئوغلى فرېدرىخII يولباشچىلىق قىلدى.

فرېدرىخII ئەسلىدە يېرۇسالېمنىڭ كارولىغا كۈيئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، يېرۇسالېم كارولى ئۆلگەندىن كېيىن، ئايالى مەلىكە يولاندىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېرۇسالېمغا كارول بولدى. ئۇ نامدا كارول ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى يېرۇسالېمغا بېرىپ، تاجۇتەختنى تېخى تاپشۇرۇپ ئالمىغان ئىدى. ئۇ پاپانىڭ تەشەببۇسىغا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ باھانىدە لەشكەر باشلاپ بېرىپ، يېرۇسالېمدىكى مىراس تاجۇتەختنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى. لېكىن، بەختكە قارشى ئۇ يول ئۈستىدە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن، سەپەرنى داۋاملاشتۇرالماي، قوشۇننى قايتۇرۇپ سىتسىلىيە ئارىلىغا قايتىپ كەتتى. پاپا ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



«پاپانىڭ مۇقەددەس بۇيرۇقىدىن باش تارتتى» دېگەن بەتنام بىلەن دىنىي جەمئىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، مەڭگۈلۈك مۇرتەد قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سالدى. فرىدرىخII پاپانىڭ بۇ تەھدىتىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل بەتنامىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىغا ئارتۇقچە ئەۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى قايتا داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل مىسىرغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

فرىدرىخII بالىلىق دەۋرلىرىدە سىتسىلىيەدە كۆپ ۋاقىت تۇرغان، مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئەھلىسەلىپ ھۆكۈمدارلىرى ئۇنى «دىندىن ئازغان، بىدئەتچى» دەپ ئاتاشقان ئىدى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ خېلى تەربىيە كۆرگەن. چوڭقۇر بىلىملىك بولۇپ، رىم پاپاسى ئۇنىڭغا تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى قايتا باشلىدى. ئۇ مىسىرغا يېتىپ بېرىپ، ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارلىرىدىن كامىل بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ ئىچكى

قىسمىدا تەخت تالىشىش ماجىراسى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كامىل بىئارام ۋە تەھلىكە ئاستىدا ئىدى. ئۇ، فرىدرىخII بىلەن شەرتنامە ئارقىلىق يىرۇسالىمنى باشقۇرۇش ھوقوقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەم ئاكىكا شەھىرىدىن يىرۇسالىمغا ئۆتۈشىدىغان بىر يول ئېچىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، فرىدرىخ كامىلنىڭ بۆلگۈنچى قېرىنداشلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى. كامىلنىڭ ئەھلىسەلىپچىلەر ياردىمى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ كېلىشىمى ئۇنى كىشىلەرنىڭ نەزەر-ئېتىبارىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ئۈچۈن، ئەقىلسىزلىق قىلىپ يىرۇسالىمنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئاقىۋەتتە باتۇر سالاھىدىن ئەييۇبى قاتارلىق ئەجدادلىرى نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلىك، قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلەر ئۇنىڭ يارامسىز ئەۋلادلىرىنىڭ كالتە پەملىك بىلەن قىلغان ناشايان ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن قولدىن چىقىپ كەتتى.

1240-يىلى كامىلنىڭ جىيەنى مۆلكى سالىھ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمى بىلەن خارەزمدىن چېكىنىپ چىققان بىر تۈرك قوماندانىنىڭ ئۆز

www.uyghurkitap.com



قوشۇنلىرى بىلەن ياردەم قىلىشى ئارقىلىق، يېرۇسالېم قايتىدىن ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## يەتتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى (1240 — 1249)

ئالتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ چارەك ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، رىم پاپاسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ فېئودال كاتتىۋاشلىرى يەتتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى سەپەرگە فرانسىيە كارولى سانلوئى قوماندانلىق قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مۇلكى سالىھ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ھېچبىر توسالغۇسىز ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋەردى. ئۇلار مۇشۇ يۈرۈشتە دىميات پورتى بىلەن يەنە بەزى ئورۇنلارنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن تۇپتوغرا قاھىرە شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن، ئۇلار يۈرۈش جەريانىدا يول ئۈستىدىكى چوڭ قانallardىن ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قالدى، شۇ پەيتتە نىل دەرياسىدا كەلكۈن پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى يا

ئالدىغا ماڭالماي ياكى ئارقىسىغا قايتالماي، ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئىچىدە ۋابا كېسەللىكى تارقالدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ ھالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ پەيتتە، پادىشاھ مۆلكى سالىھ قوشۇنلىرىنى نىل دەريا-سىنىڭ دېلتىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قور-شىۋالدى. ئەھلىسەلىپنىڭ سان لوئى قاتارلىق بىرمۇنچە كاتتىۋاشىلىرى ئەسىرگە چۈشتى، بىر قىسىم لەشكەرلەر كەلكۈن ئاستىدا قېلىپ، پاتقاقلارغا پېتىپ ئۆلدى.

سان لوئى تۆت يىلدەك ئەسىرلىكتە مۇناخ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەييۇبىيە ھۆكۈمرانلىرىغا 3 مىليون فرانىك تۆلەپ، بېسىۋېلىنغان دىمىيات پورتى ۋە باشقا جايلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئەسىرلىكتىن ئازاد بولۇپ، ئۆز يۇرتى غەربىي ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى. ئۇ، مۇشۇ مەغلۇبىيەتتىن ھېچبىر ساۋاق ئالماي ياۋروپاغا بارغاندىن كېيىن، تۇنىسقا قىلىنغان بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدا جېنىدىن ئايرىلدى. شۇ كۈنلەردە مىسىر ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى مۆلكى سالىھمۇ ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى تورانشاھ بۇ ۋاقىتتا مېسوپوتامىيىدە ئىدى. تۇرانشاھنىڭ ئانىسى— پاراسەتلىك خانىش شاجارىدۇ پادىشاھ مۆلكى سالىھنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆلۈمىنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتۇپ ئۇنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلماي، ئوغلى كەلگۈچە ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ تۇردى.

ئەييۇبىيە سۇلالىسىمۇ خۇددى ئاببىاسىيلار سۇلالىسىگە ئوخشاش دۆلەتنىڭ چوڭ ھەربىي ھوقۇقىنى بىر قىسىم تۈرك ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىگە تۇتقۇزغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھوقوقى بارغانچە يوغىناپ، تورانشاھ دەۋرىگە كەلگەندە ھەتتا پادىشاھنىمۇ چەكلەپ، ئۇنى قونچاقىقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، بارلىق ھوقۇقنى ئۆزلىرى ئىگىلىۋالدى. ئاخىرىدا پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مىسىر تارىخىدا مەملۇكىلەر (تۈرك قۇللىرى) ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ، خېلى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈم سۈردى.

## سەككىزىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى (1271 — 1270)

ھەر خىل - ھەر شەكىلدىكى ئەھلىسەلىپ ھۆكۈمدار-لىرى تۈرلۈك سەۋەب ۋە غەرەز بىلەن ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە قاراتقان باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇر-دى. بۇ قېتىملىقى فرانسىيە كارولى سان لوئىنىڭ ئىنىسى ئانجۇلۇق چارلىز تەرىپىدىن 1267- يىلى ئېلىپ بېرىلدى.

ئانجۇلۇق چارلىز بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئارقىلىق كونستانتىنپولنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ يېرۇسالېم بىلەن سىتسىلىيىنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سىتسىلىيىلىكلەر قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پاپا كىلمانII نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاراگونىيىلىك جىمىس بىر قىسىم ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تەشكىل قىلىپ، كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىن تېگىشلىك دەككىسىنى يەپ، ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي قايتىپ كەتتى.

جىمىسنىڭ نەتىجىسىز ھەرىكەتلىرىدىن ئۈمىدسىزلەنمىگەن پاپا كىلمانII يەنە يېڭىدىن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭغا ئانجۇلۇق چارلىز بىلەن ئەنگلىيە كارولى ئىدۋارد I يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار يۈرۈش قىلىپ كارپاگىنغا بېرىپ، ھەممىسى شۇ يەرگە توپلىشىپ بولغان ۋاقىتتا، ئەھلىسەلىپنىڭ ھەربىي لاگېرىدا ۋابا كېسەللىكى تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى. بۇ پاجىئەدىن ھەتتا ئانجۇلۇق چارلىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ قۇتۇلالمىدى. تۇنىس پادىشاھى ئەھلىسەلىپ باشلىقلىرىغا نۇرغۇن پۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ يەردىن قايتىپ

بىلىم كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



داۋاملىق يۇرۇش قىلىپ 1271- يىلى پەلەستىنگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ كۆپ ئەۋرىچىلىك ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىر ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشتى.

1274- يىلى پاپا گرىگورىيX فرانسىيىنىڭ لىئون شەھىرىدە قۇرۇلتاي ئاچقۇزۇپ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. لېكىن، ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى توپلىنىشىپ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن پاپا ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز جايىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پاپا تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم ھەر خىل-ھەر شەكىلدىكى ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردىن ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل بولمىدى. ئاخىر ئۇلار مۇسۇلمانلارنى قويۇپ، ئۆزى بىلەن بىر دىندا بولغان پولشا ۋە چېخ قاتارلىق خرىستىئان ئەللىرىگە ئەھلىسەلىپ قوشۇنى تەشكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

چېخ خەلقىنىڭ ھوس باشچىلىق قىلغان كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، 1415- يىلى گېرمانىيىنىڭ كونىستانتىس شەھىرىدە دىنىي سوت يىغىنى ئېچىلىپ، ھوس بىدئەتچى دەپ ئەيىبلىنىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن،

پۇتكۈل چېخ خەلقى قوزغىلىپ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى چېركاۋلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، دىن تارقاتقۇچىلارنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، دىنىي جەمئىيەتلەرگە قاراشلىق مال - مۈلۈك ۋە يەر - زېمىنلەرنى كىشىلەر تەقسىم قىلىشىۋالدى.

1420- يىلى چېخ خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشى تازا ئەۋج ئالغان پەيتتە، رىم پاپاسى چېخ بىدئەتچىلىرىنى جازالاش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم ئەھلىسەلىپ سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەھلىسەلىپ قوشۇنىغا ئۆزىنى مۇقەددەس رىمنىڭ ئىمپېراتورى دەپ ئاتىۋالغان گېرمانىيە كارولى سىگىزموند رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇدۇل پراگا شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. چېخ خەلقى ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانى جون ژىزكانىڭ قوماندانلىقىدا ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئارقىغا چېكىندۈردى. 1421-، 1422- يىللىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان بىرقانچە قېتىملىق ئەھلىسەلىپ قوشۇنى قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئۇلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەستىن، 1427—1430- يىللىرى يەنە ئىككى قېتىم ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەيۋەتلىك خەلق ھەرىكىتىنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى ئۇلارنىڭ بارلىق ياۋۇزلۇقلىرىنى بىتچىت قىلىپ سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتى

### 1. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ بالايىئاپەتلىرى

رىم پاپالىرى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان، «ئەھلىسەلىپ» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشلار ئومۇمەن ئىككى ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بەزىسى مەلۇم تارىخىي ۋە دىنىي قىزغىنلىق سەۋەبىدىن، بەزىسى پاپا ۋە ئايرىم ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىي غەرەزلىرى تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار ئىچىدە داۋام قىلغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەللەرگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان تارىخىي ئاپەتتۇر.

ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: 1- باسقۇچ ئىستىلا دەۋرى

بولۇپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، 1092- يىلىدىن 1144- يىلىغىچە داۋام قىلدى. 2- باسقۇچ قارشىلىق كۆرسىتىش دەۋرى بولۇپ، بۇ باسقۇچ قەھرىمان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۈستىدىن قىلغان شانلىق غەلىبىلىرىدىن باشلانغان 1173 — 1193- يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3- باسقۇچ ئومۇمەن ئازادلىق دەۋرى بولۇپ، مەملۇكلەرنىڭ ئەھلىسەلىپچىلەرنى سۈرىيىدىن قوغلاپ چىقارغان دەۋرىدىن باشلىنىدۇ.

ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى دەسلەپتە قانداقتۇر «مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش» دېگەن شوئار ئارقىلىق باشلانغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ئارقىلىق بەزى ئەللەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىنىي چۈمپەردىلىرىنى پۈتۈنلەي چۈرۈپ تاشلاپ، ئىستېلا قىلىنغان ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە دەھشەتلىك ھالدا قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە تالان - تاراج ئېلىپ باردى. بۇ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلار شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە، بولۇپمۇ پەلەستىن، سۈرىيە، مىسىر، شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى خەلقلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز ۋەيرانچىلىق ۋە بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقلار جەريانىدا ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جاكورى[1] قوزغىلىڭى 1358- يىل 5- ئايدا فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك يېزىدا پارتلىدى. قەھر - غەزەپكە كەلگەن دېھقانلار ئاممىسى نۇرغۇن فېئوداللارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قورۇقلىرىنى ۋەيران قىلدى. بۇ ھەرىكەت پۈتكۈل فرانسىيە بويىچە چوڭ قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ باشلىقى كلىيوم كارل مول كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جەڭگىۋار دېھقانلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلىپ، كۆپلىگەن فېئوداللارنىڭ قەلئەلىرىنى گۇمران قىلىپ، ئۆزىنى قىرىپ - چاپتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ «بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنى قويماي يوقىتايلى» دېگەن شوئارى ئاستىدا قوزغىلاڭ بارا - بارا پۈتكۈل فرانسىيىگە يامرىدى، كۆپلىگەن شەھەر ئەمگەكچىلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتنى قوللىدى. قوزغىلاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تازا ئەۋج ئالغان پەيتتە، بوۋنىگ مەيلو دېگەن جايدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. ھۆكۈمەت تەرەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى كلىيوم كارلنى سۆھبەت ئۆتكۈ-

---

[1] جاكورى — فرانسىيە يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ھەر خىل شېۋىدە سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، شەھەرلىكلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي «جاكورى» (كالدۇر - كۇلدۇر) دەپ ئاتىغان.

رۇشكە تەكلىپ قىلىپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن تۇتقۇن قىلدى. ھۆكۈمەت يول باشلىغۇچىسىدىن ئايرىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى مۇشۇ غەلىبىدىن كېيىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ 20 مىڭدىن ئارتۇق قېرى - ياش، ئەر - ئايال ئاممىنى قىرىپ تاشلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى كلىيوم كارلنى دەھشەتلىك ھالدا قىيناپ ئۆلتۈردى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، 1381- يىلى ئەنگلىيىدە كۆتۈرۈلگەن ۋات تېلر قوزغىلىڭى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا ئىگىلىكى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شەھەر - يېزىلاردىكى كەمبەغەل ئامما ئىنتايىن ئېغىر تۇرمۇشتا قېلىپ، ئاچارچىلىق ۋە تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى. سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ۋەيران بولۇپ، يېزىلار چۆلدەرەپ قالدى.

سەككىز قېتىملىق بۇلاڭچىلىق ئۇرۇش ئارقىلىق رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە كاتولىك دىنى روھانىيلار ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسى خەلقئالەم ئالدىدا تولۇق نامايان بولدى. پاپالارنىڭ ئاچ كۆزلۈك تەبىئىتى ئاشكارا بولۇپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلىدىكى «ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن تۈپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئەقىدىسىگە تۆۋەن قاتلام كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان بولدى. پاپا باشچىلىقىدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى نوپۇزى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتتى. نەتىجىدە پۇتكۈل غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى پاپا ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ روھىي ئاسارىتىدىن قىسمەن بولسىمۇ ئازاد بولدى.

ئامېرىكىلىق ئالىم كالۋېرلى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «نەچچە ئەسىرلەر داۋام قىلغان ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى خرىستىئان دىنىي تارىخىدىكى ئەڭ رەسۋاچىلىق ۋە بالايىئاپەت بىلەن تولغان سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. ئارىدىن 500 يىل ئۆتتى، لېكىن ئەھلىسەلىپنىڭ شەرق ئەللىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن يامان تەسىرى ۋە ئىشەنمەسلىكلەر ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەھلىسەلىپنى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ قولىقى ئارقا-ئارقىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان يالغان ئاخباراتلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ساختا مەلۇماتلار ئېلىپ كېلىپ، غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئىسلام ئەللىرى توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر تەرەپلىمە قاراشلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرب ئەللىرىدىكى ئاۋام مائارىپىدىن تازىلاپ

چىقىرىش ھازىرغا قەدەر مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ...»

كالۋېرلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىتالىيىدىن ئەنگلىيىگىچە بولغان دەسلەپكى يەرلىك ئەدەبىياتقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىلسىلا، كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئېتىقادى توغرىسىدا يېزىلغان زور مىقداردىكى ناتوغرا تەسۋىرلىرىنى چېلىقتۇرۇشى تەس ئەمەس. مۇسۇلمانلار بىزنىڭ بىر قاتار بايانلىرىمىزنى رەت قىلىشقا ھازىرمۇ تولۇق ھەقلىق. بۇنداق بايانلار كۈندىلىك خەۋەر، ھەپتىلىك - ئايلىق ژۇرنال ۋە دىنىي ئاخباراتلىرىمىزدا، ھېكايە، رومان، ھەتتا دەرسلىكلىرىمىزدە، ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ، ئەھلىسەلىپ تەشۋىقاتىنىڭ غەربلىكلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلىرى»[1].

## 2. ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنىڭ نەتىجىلىرى

ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان بۇ قانلىق ئۇرۇشلار يۇقىرىقىدەك ئېغىر ۋەيرانچىلىق ۋە بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي ياۋروپا

---

[1] سەئىد فەييازمەھمۇد: «قىسقىچە ئىسلام تارىخى» 1- قىسىم 418- ، 419- بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈچۈن تۈرتكىلىك، ئىجابىي رولىلارنى ئوينىدى.

غەربىي ياۋروپالىقلار ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىلغار تېخنىكىلارنى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى جەريانىدا ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن ئۆگىنىپ، ئۆز ئەللىرىدە قانات يايدۇردى. مەسىلەن، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرىش ۋە تۈگمەن چۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شامال كۈچى ئارقىلىق ئايلىنىدىغان چاقپەلەك ئەسلىي سۈرىيىلىكلەردىن تارالغان بولۇپ، ئۇنى غەربىي ياۋروپالىقلار ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەتكەن. ئەھلىسەلىپچىلەر سۈرىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان سۇ تارتىش چىغىرىقىنى غەربىي ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىپ، يەر سۇغىرىش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن ۋە ئومۇملاشتۇرغان. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەلىكان (1211 — 1282)نىڭ خەۋەر بېرىشىچە، بۇ خىل سۇ تارتىش چىغىرىقىنى مىسىرلىق بىر ئىنژېنېر كونا شەكىلدىكى چىغىرىقنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىجاد قىلغان ئىكەن.

سۈرىيىلىكلەرنىڭ توقۇش تېخنىكىسى ئاساسىدا ئەھلىسەلىپچىلەر يىپ ئىگىرىشتە چاق ۋە ئۇرچۇق ئىشلىتىش، بوياقچىلىقتا گۈل بېسىش ۋە توقۇش

ئىشلىرىنى ئۆگەنگەن. مۇشۇ ئاساستا تۈنجى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى فرانسىيىنىڭ ئاراس دېگەن يېرىدە قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى بېسىلغان ئەديال، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار ئىشلەپچىقىرىلغان.

ئەينەكچىلىك، شېشەگەرلىك، كۇلالچىلىق، ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ياساش، سىرلىق قاچا - قۇچىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئالدى بىلەن ئىتالىيە ۋە فرانسىيىلەرگە تارقالغان. مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن غەربىي ياۋروپالىقلار ياۋايى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلىدىن باشقا تاتلىق نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىدىن شېكەر قومۇشى ئۆستۈرۈشنى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۆز ئەللىرىدە شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىغان.

خەلقئارا سودا ئىشلىرىدىمۇ غەربىي ياۋروپالىقلار ئۆمەييە ۋە ئابباسىيلار دەۋرلىرىدە قوللىنىلغان ئىناۋەتلىك قەرز چەكلىرى ئاساسىدا قۇيۇلغان تۈنجى ئالتۇن پۇلنى «ۋىزانتىيە ساراسىن تىللاسى»[1] دەپ ئاتىغان. بۇ خىل تىللانى فرانكلار قارىمىقىدىكى سۈرىيە كېنەزلىكى تەۋەسىدە تۇرۇپ قالغان ۋېنتسىيىلىكلەر قۇيغان بولۇپ، بۇ

---

[1] شۇ دەۋرلەردە غەربىي ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنى «راسىن» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىللاغا ئەرەب يېزىقى ئويۇلغان. ئۇلار سودا ئىشلىرىدا بۇ خىل تىللانى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلغان. شەرقتىكى ھەر-قايسى ئەللەردە گىنويە، پىسا ۋە ۋېنتسىيە قاتارلىق باي دۆلەتلەرنىڭ سودا ۋاكالەتخانىلىرى قۇرۇلغان. خۇسۇسەن ئەييۇبىيە سۇلالىسى ۋە مەملۇكلەر دەۋرىدە، ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى داۋاملىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، خەلقئارالىق سودا قوغداپ قېلىنىپ، مىسىر پورتى ئارقىلىق ھىندىستان، جۇڭگو، ياۋروپا بىلەن بولىدىغان سودىغا ئوگايلىق تۇغدۇ-رۇلغان. ئىتالىيە ۋە مارسىل كېنەزلىكىنىڭ سودىگەرلىرى بۇ سودىدىن كەلگەن پۇللارنى مىسىرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى قوزغاشقا سەرپ قىلغان.

تۇنجى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدىن كېيىن، شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەتراپىدا فرانكلارنىڭ غەربىي ياۋروپا لاتىن ئۇسلۇبىدىكى تۆت كىچىك خانلىقى قۇرۇلغان. كىچىك ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەرمىنىيە خانلىقى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتە ئانتىبوك خانلىقى، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ترىپولى خانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش يېرۇسالىم خانلىقى مۇسۇلمان ئەللەرگە يېقىن ئورۇنلاشقانلىقى ھەم خانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا سودا - سېتىق، باردى - كەلدى قىلىشىپ،

بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى نىزا ۋە چۈشەنمەسلىكلەر ئازىيىپ، ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئۆزگىرىشكە يۈزلەنگەن.

بۇرۇن مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنى «ياۋايى خەلق» دەپ كەمسىتەتتى، خرىستىئانلار بولسا مۇسۇلمانلارنى «دەھرىلەر ۋە كۇپپارلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر - بىرىنىڭ ياخشى تەرەپ ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ يېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەدەپلىك مۇئامىلىلىرى غەربىي ياۋروپالىقلاردا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇسلۇبىدىكى گۈزەل ئۆي - ئىمارەتلەرنى ياساتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر خىل كىيىم - كېچەك فورمىلىرىنى كىيىشكە ۋە ھەر خىل تائاملىرىنى يەپ ئادەتلىنىشكە باشلىدى. بۇ مەزگىللىك ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدىكى سودا - ئالاقە ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللەندى. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەر خىل قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى غەربىي ياۋروپا بازارلىرىدا ناھايىتى بازار تاپتى. ئۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قوراللىرىنى ئىشلىتىش ۋە ياساش تېخنىكىسى كەڭ ئالماشتۇرۇلدى. جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ملىق دورىسىنى ئىشلىتىش ۋە كومپاستىن پايدىلىنىش قاتارلىقلار شۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق غەربىي ياۋروپالىقلارغا تونۇلدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئابباسىيلار، بۇۋەيھىدىلەر، ئىسپانىيىدىكى ئۇمەييە سۇلالىلىرى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئىسلام ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيىتى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق غەربىي ياۋروپالىقلارغا تونۇلدى. قەدىمكى رىم ۋە يۇنان مەدەنىيەت مىراسلىرى خاتىرىلەنگەن پراگامىتلەر غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى گېرمانلار ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كۆپلەپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭغا يېزىلغان تۈرلۈك خاتىرىلەر قىرىپ، خىتى ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، چېركاۋلارنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرى ۋە تۈرلۈك تېمىلاردىكى نەرسىلەر يېزىلغان. بۇنداق پراگامىتلەر باشقا يوللار بىلەنمۇ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن. ئىسپانىيىدىكى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە، خۇسۇسەن خەلىپە ئەل مەئمۇن دەۋرىدە، باغداد ۋە كوردوۋالاردا مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ئالىملار يۇقىرى مائاش ۋە يۇقىرى تەمىنات بىلەن بۇ ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىنىپ، قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ كلاسسىك ئالىم ۋە پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئۇلۇغ

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يوقىلىپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. غەربىي ياۋروپالىقلار بۇ ئەسەرلەر بىلەن ئەھلىسەلىپ يۇرۇشى جەريانىدا تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەرەبچىدىن قايتا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈردى.

غەربنىڭ مەشھۇر ئاسترونوملىرىدىن كوپېرنىك، لاپلاسلار ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك تەتقىقاتى جەريانىدا ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. مەشھۇر ئاسترونوم رولاندنىڭ مۇسۇلمان ئاسترونومىيە ئالىمى ئەل باتاننىي «دۇنيا بويىچە ئۆتكەن 20 نەپەر داڭلىق ئاسترونومنىڭ بىرى» دەپ قارىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى كەشپىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياۋروپا ئاسترونومىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن كاتتا تەسىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ غەربنىڭ ئاسترونومىيە سىستېمىسىدا بۇ پەنگە ئائىت كۆپلىگەن ئاتالغۇلار ئەرەبچە ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئەل مەئمۇن دەۋرىدە مۇسۇلمان ئالىملىرى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئاسترونوم ھەم جۇغراپىيون پتولمىنىڭ «ئاسترو-نومىيە قامۇسى» ناملىق

www.uyghurkitap.com



مەشھۇر ئەسىرىنى ئىككى قېتىم ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى. XII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئىبنى رۇشد «ئاسترونومىيە قامۇسى» نى يەنە بىر قېتىم تولۇق ۋە ئىلمىي ئاساستا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن مۇسۇلمان ئالىملار بۇ كىتابقا قىسقىچە مەزمۇن، ئىزاھات ۋە بايانلارنى يېزىپ، يەر شارىنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى تەلىماتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ شەرھلىگەن. بۇ ئەسەرلەر ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن 1410- يىلى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، پورتوگالىيە، ئىسپانىيە ۋە ئىتالىيىلىكلەرنىڭ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىش ئۈچۈن پۈتكۈل يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنى بەلگىلىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەل مەنسۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىلگەن. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئارىستوتىل ۋە پىتولمىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يونان ئالىملىرىنىڭ نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئەل مەنسۇرغا ھەدىيە قىلىپ، بۇ ئۆمەك ئارقىلىق ئەۋەتكەن. ئەل مەنسۇر بۇ كىتابلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئالىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدا

كونىستانتىنپول كۇتۇپخانىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن چاغدا، بۇ كىتابلار كۆپ كۆيۈپ كۆل بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان، كېيىن يەنە ئەرەبچە نۇسخىسىدىن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق ياۋپالىقلارغا تونۇلغان.

مۇسۇلمان ئالىم ئابۇ رەيھان بىرونى (973—1048) يونان ئالىملىرىنىڭ يەر شارى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەۋ-رەنمەي قوللىغان ھەم قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. ئۇ «يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ئارقىلىق ئوربىتا بويلاپ قۇياشنى ئايلىنىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرونى بىر ئەسىردە مۇنداق يازغان: «ئەگەر يەر شارى يۇمىلاق بولمىسا، ئۇ ھالدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، ياز بىلەن قىش پەسلىنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بولاتتى. ھەرقانداق بىر سەييارىنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى ۋە ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدىكىدەك بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئەھۋالدا بولىدۇ». بىرونىنىڭ بۇ بايانلىرى گالىلېي ۋە كوپېرنىكلەردىن 500 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ يەر شارىنىڭ ئايلىنىشى ۋە قۇياش مەركىزىي تەلىماتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

جۇڭگونىڭ يەنە بىر بۈيۈك كەشپىياتى بولغان قەغەز-چىلىك VIII ئەسىردە جۇڭگودىن مۇسۇلمانلار رايونىغا كەڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تارقالغان. ئەھلىسەلىپىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قەغەز - چىلىك XII ئەسىردىن كېيىن غەربىي ياۋروپاغا تارقالدى، بۇنىڭ بىلەن غەربنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرىدا «ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى» ۋە غەربنىڭ مەدە - نىيەت تەرەققىياتىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش ھالىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تە - رىپىدىن ئىسپانىيىدە قۇرۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئالىي ئىلىم - پەن بىلىملىرى ھەم مەدەنىيەت غەربىي ياۋروپاغا تارقالغان.

ئىسپانىيە مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىچىدە ئاسترو - نومىيە، ماتېماتىكا، بوتانىكا ۋە تېبابەتچىلىك ساھەسىدە بىرقانچە ئۇلۇغ زاتلار مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ئالىملىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئوبۇلقاسىم مەسلەمە مەجرىت كوردوۋادا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ، ئەل خارەزمى (780— 850) نىڭ ئاسمان جىسىملىرى جەدۋىلىنى بىرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنى مۇسۇلمان كالېندارىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان. مەجرىتنىڭ ئۆلچەش ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېماتىكا بىلىملىرىنى

كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان. بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر داڭلىق ئەرباب ئابۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى يەھيا زەرقەلى (1029—1087) تولېدودا ياشىغان. ئۇ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توغرىسىدىكى ئەل خارەزمىنىڭ مۆلچەرىسىنى تۈزەتكەن. ئۇ ئەينى دەۋردە ئالدىنقى قاتاردىكى ئاسترونوم دەپ قارىلاتتى. ئۇ، كوپېرنىك كېيىن ئۆز ئەسىرىدە مۇقىملاشتۇرغان قۇياش بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئارىلىقىنى ھېسابلاپ چىققان.

مۇسۇلمانلارنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇقۇم «نۆل» نى قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇنى تەكشىلىكتىكى ئۈچ بۇلۇڭ ۋە سىتېرېئو- لۇق ئۈچ بۇلۇڭلارغا تەتبىقلىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەبىر ئىبنى ئەپلاھ «ئاسترونومىيە» دېگەن كىتابىدا بىر بابنى ئاجرىتىپ، ماتېماتىكىنىڭ بۇ تارمىقىنى تونۇشتۇر- غان. گېئورگىي سارتون ئېيتقاندەك «ئەرەبلەرنىڭ ماتېما- تىكا ۋە ئاسترونومىيە جەھەتتىكى ئىككى چوڭ كەشپىياتى ئارىفمېتىكا بىلەن يېڭى تىرىگونومېتىرىيىدىن ئىبارەت»[1].

ئەھلىسەلىپ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتى

---

[1] گېئورگىي سارتون: «ئىلىم - پەن تارىخى» I توم خەنزۇچە 543- بەت («قىسقىچە ئىسلام تارىخى»1- قىسىم 386- بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنىڭغا قىزىققان غەربىي ياۋروپالىقلار XII ئەسىردىن كېيىن ئىسپانىيىدىكى تولېدودا بىر تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ، بۇ يەردە ئەرەب تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى كەڭ تۈردە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تولېدو غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ھەر خىل كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشى تاكى XV ئەسىرگىچە ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلغان. تولېدودىكى تەرجىمە ئىدارىسىگە پۈتكۈل ياۋروپادىن نۇرغۇن ئالىملار توپلىنىپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەنىۋى بايلىقلارنى توپلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك مېخائىل سىكوت بىلەن چېستېرلىق روبېرت بۇ بىلىم كانىدا كۆپ يىل ئىشلىگەن بولۇپ، روبېرت 1145- يىلى مەشھۇر ماتېماتىكا ئالىمى ئەل خارەزمىنىڭ ئالگېبرا توغرىسىدىكى ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان.

1126- يىلى باسلىق داڭلىق ئالىم ئادېلارۇ تولېدوغا كېلىپ ئىسپانىيىلىك مۇسۇلمان ئالىم، ئاسترونوم مەجرىتىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «ئاسمان جىسىملىرى»نى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنداق تەرجىمە پائالىيىتى

تاكى XV ئەسىرگىچىلىك ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان، بۇ جەرياندا مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىدىن ئابۇ رەيھان بىرۇنى، ئەل خارەزمى، ئىبنى سىنا (980—1037)، ئۆمەر ئىبنى ھۈسەيىن رازى، ئىبنى روشىد قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى تامامەن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. داڭلىق مۇسۇلمان جۇغراپىيە ئالىملىرىدىن ئەبۇ زەيد بەلخى (934- يىلى ۋاپات بولغان)، مۇقەددەسى (985- يىلى ۋاپات بولغان)، مەسئۇدى (956- يىلى ۋاپات بولغان)، ياقۇت (1229- يىلى ۋاپات بولغان)؛ شۇنىڭدەك تەبەرى، ئىبنى ئەل ئەسىر پىدائى، ئىبنى خەلدۇن قاتارلىق تارىخچىلار مەخسۇس ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يازغان كىتابلار ئەرەب تىلىدىن كەڭ تۈردە تەرجىمە قىلىنغان. ئومۇمەن «مۇسۇلمانلار دۇنيا مەدەنىيىتىگە كارامەت تۆھپىلەرنى قوشقان. غەربنىڭ ئادىل تارىخشۇناسلىرى بۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى بولمىغاندا، قەدىمكى ئىلىمنىڭ تەگىدىن تولىسى مۇقەررەر ھالدا يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن يىل كېچىككەن بولاتتى»[1].

---

[1] پروفېسسور ناجۇڭ 1981- يىلى پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىمەك، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىلىم - پەن مەھسۇلىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ تەرجىمە ئىشلىرى ئارقىلىق ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياۋروپالىقلار ئەرەبلەردىن ئالغىنى بولىدىغانلىقى نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولدى. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسۇزلار موبىلدا بىر ئالىي مەكتەپ قۇرغان چاغدا، ئىسپانىيىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن بىر قىسىم ئىسپانىيىلىك ئالىملارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. كېيىنچە، بۇ مەكتەپ فرانسىيىدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپكە ئايلانغان، ھەتتا XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئەرەب ئىسلام ئىلىم - پەنلىرى ئوكسفورد ۋە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئاساسلىق دەرس پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسۇز ئالىمى لوبون «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا « XV ئەسىرگە كەلگۈچە ياۋروپا ئالىملىرىدىن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ كىشى يوق»، «ئۇلار ياكى ئەرەبلەردىن ئۇستاز تۇتقان، ياكى ئەرەبچە

---

ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىسلام ئالىملىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ماقالىسىدىن («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1984- يىل 1- سانىغا قارالسۇن).

كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ پەننىي ئەسەرلىرى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدە كەڭ تۈردە ئوقۇتۇلغان ۋاقىت 500 يىلغا يېتىدۇ» [1] دەپ يازغان.

ئىبنى روشىدنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بىلەن ئىبىن سىنا ئەسەرلىرى تاكى XVIII ئەسىرگىچە ياۋروپا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلمىي مۇھاكىمە تېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ كەلگەن. شۇڭا، كارل ماركس «ئەھلىسەلىپ ياۋروپاغا ئويغىنىش ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى» [2] دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇرۇن دائىم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىشىپ تۇرىدىغان پۈتكۈل غەربىي ياۋروپا دائىرىسىدىكى ھەرقايسى كارول ۋە كىنەزلەر، تۆرلۈك فېئودال تەبىقە كۈچلىرى ئەھلىسەلىپنىڭ ئېھتىياجى بىلەن پاپانىڭ تەشۋىقاتى ئاستىدا قىلىق ئۆزئارا ئىچكى جېدەل-نىزالىرىنى توختىتىپ، پاپانىڭ يارا شتۇرۇشى بىلەن ئىتتىپاقلىششقا باشلىدى. ئەھلىسەلىپكە قاتناشقان بەزى كىشىلەر ئىسلام ئەللىرىدە كۆرگەن ھۈنەر - تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، ئۆز يۇرتلىرىدا ھۈنەر -

---

[1] پروفېسسور ناجۇگىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدىن.

[2] «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» II توم 464- بەت (قازاقىستان «يېڭى ھايات» نەشرىياتى 1954- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 387- بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەسىپ ئىشخانىلىرىنى قۇردى.

ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدىن بۇرۇن شەرقتىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات جەھەتتە غەرب دۆلەتلىرىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىلگىرى كەتكەن ئىدى. ئەھلىسەلىپ يۈرۈشلىرى ئارقىلىق غەربىي ياۋروپالىقلار شەرقنىڭ نۇرغۇن ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا ۋە ئۆگىنىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. قەغەز ياسىشنى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەبلەردىن ئۆگەندى. نەتىجىدە فرانسىيە ۋە نىدېرلاندىيە (گوللاندىيە) دە XIII ئەسىردە، گېرمانىيىدە XIV ئەسىردە، ئەنگلىيىدە XVI ئەسىردە قەغەز زاۋۇتلىرى بارلىققا كەلدى. ئەرەبلەر XIII ئەسىردە ئىشلەتكەن دورا قاچىلاپ ئاتىدىغان مىلتىق ۋەزەمبىرەكنى غەربىي ياۋروپالىقلار XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ئۆگىنىۋالدى. دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك جەھەتتە «ياۋروپالىقلار شەرق ئەللىرىدىن قوناق، شال، كۈنجۈت، ئارپا، پۇرچاق، پاختا، تاۋۇز تېرىشنى، لىمون، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا، خورما قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشنى XIV ئەسىردىن كېيىن ئۆگىنىۋالدى...»[1].

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980- يىل 3- سان 83- بەتكە قاراڭ.

ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان بۇ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلار جەريانىدا غەربىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە چەۋەنداز قورۇق ئىگىلىرى ئۇرۇشتا كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاسارىتىدىكى يانچى دېھقانلار فېئوداللىق كىشەن ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، شەھەرلەرگە كىرىپ ھەر خىل قول ھۈنەر ئىشخانىلىرى ۋە مانوپاكتورىيىلەردە ئىشلەشكە باشلىدى. نەتىجىدە بۇ ئەللەرنىڭ شەھەر ئىگىلىكى يۈكسىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى.



# پايدىلىنىلغان مۇھىم ماتېرىياللار

1. ئەھمەد رەپىق: «بۈيۈك تارىخى ئۇمۇمىي» IV توم، 1901- يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى.
2. سالاھ كامال: «تارىخى ئىسلام»، 1904- يىل قىرىم باغچا ساراي تاتارچە نەشرى.
3. «ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى»، ئالمۇتا 1957- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980- يىل 3- سانى.
5. «دۇنيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى « قىسقىچە دۇنيا تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن « قەدىمكى زامان قىسمى»).
6. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1984- يىل 1- سان.
7. «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» 2- قىسىم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى.
8. «سەلجۇقىيلەر تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى

ئەسەرلەر ئىشخانىسى تۈزگەن (1991- يىل 9- ئاي).

9. سەئىد فەيياز مەھمۇد (پاكىستان): «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىل نەشرى.

10. ب گ. غاپۇرۇپ: «تاجىكلار تارىخى» (ئىككى قىسىم) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى.

